


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سىكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# ئەرنىڭ ئىپپىتى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# ئۆزۈڭ پۈتتى

(شېئىرلار)



مىللەتلەر نەشرىياتى



غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# نەشرىياتتىن

ياش شائىر غوجمۇھەممەد مۇھەممەد 1971 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گۇما ناھىيەسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1990 ـ يىلى قوشتاغدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەن ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، گۇما ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە گۇما يولۇچىلار توشۇش بىكىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «مېنىڭ جەننىتىم» ناملىق شېئىر بىلەن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايون مىزدىكى مەتبۇئاتلاردا 1500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى. «مەشرەپ چۆلى»، «ئەرنىڭ ئىپپىتى»، «دۇتارچى ئايال» قاتارلىق شېئىرلىرى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «كۆكنۇر شېئىرىيەت مۇكاپاتى»، «ئاقيول شېئىرىيەت مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. «دۇتارچى ئايال»، «يالغان راست، راست يالغان» قاتارلىق 20 پارچىگە يېقىن شېئىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



# مۇندەرىجە


ئىت ئاغزىدىن ئالدى قىز جاۋاب ........ 1
كېچە بارمىقىدىكى يارقىن ئۈزۈكمەن ........ 2
قۇياش يالغان ياكى قار يالغان ........ 3
تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك ........ 4
زىمىستان ........ 5
ئەرنىڭ ئېپپىتى ........ 6
تارىخ ........ 9
ئايغا قاراپ بولدۇم يالڭاچ ........ 11
ئالمىخان ھەققىدە قوشاق ........ 13
ئوتتۇز ياش ........ 15
سېغىنىش ........ 17
بارغانسېرى يېقىنلاپ قالدىم ........ 20
يەكەنلىك Z ........ 23
مەشرەپ چۆلى ........ 25
شىر ئەرۋاھى ناخشىسى ........ 28
چۆچەكچى ئانا ........ 30
زار ........ 33
بالىلىقىمدا ........ 35
خوراز چىللايدۇ ........ 37
سۇغا باقما ........ 38
قانىغان قان ........ 39
ئىباگۈل ........ 41
ئادىل ........ 43

يالغان راست، راست يالغان ........ 45
قوشنا ئۆيدىكى ناخشا ئاۋازى ........ 47
ئۇزاق چۈشتىن ئويغاندى كارىۋات ........ 48
قالمىدى زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل ........ 49
قىشنىڭ مەلۇم كېچىسى ........ 50
سالدىم ھېكمەت چاپىنىنى ........ 52
يارسىز كېچە ........ 54
كۈندۈزدىكى ھېكايە ........ 55
قولنى كۆتۈردى كوچا تاختىسى ........ 57
يارىمنىڭ چېچى ........ 59
بىر ئايال يۈرىكىمنى كەشتىلىدى ........ 60
نېمىشقا؟ ........ 61
قەلبىمنىڭ ھېچكىم ئاياغ بېسىپ باقمىغان جايلىرىدا ........ 63
جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز ........ 65
ئوتتۇز بەش يىل مەن سولانغان تۈرمىدە ........ 66
پەرھاد ........ 68
كۆڭلۈم ........ 70
تۈن يېرىم ........ 71
جان سەنىمى ........ 73
زەپ چىرايلىق كەلدى باھار ........ 75
قاشتېشى بازىرى ........ 77
غوجىمۇھەممەد ........ 80
مەن بۈگۈن سۆزلەرنى نورۇزغا بەردىم ........ 82
سالام، قوشتاغ! ........ 84
تۈن شاملى ........ 86
مېنىڭ بايانىم ........ 89
گۆدەكلىكىم ........ 92
نە چارە بار؟! ........ 94




كېتىپ قالدىڭ جىمىدە ........................ 96

شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق ........................ 98

جان ئانا! ........................ 100

مېنىڭ قوشنام ئايال ........................ 102

ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولدى ........................ 104

ھېچكىم كۆرمىدى ........................ 106

مېنى كىم دېگۈچىلەر ........................ 108

گۇمدىكى كونا بازار ........................ 110

كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسى تالاغا قارايدۇ ........................ 112

ئاشۇ كۆڭلۈم، كۆڭلىكنىڭ تۈگمىلىرى ئۈزۈلگەن ........................ 114

بىر ئاز - بىر ئازدىن ئۆلۈۋاتىمەن ........................ 115

لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان شامال ھارۋىسىدا ........................ 117

ئاسمان - زېمىن ئۇچراشقان جايدا سېنى كۆردۈم ........................ 118

كىمنىڭ يۇلتۇزلىرى ئاسماندىكى ........................ 119

پىنھانلاردا جۇش ئۇرار سۆيگۈ ........................ 121

ئاسمان دەرياغا پەسلەۋاتقاندا ........................ 123

مېنىڭ يۈرىكىم ........................ 125

يەنە بىر ناخشا ........................ 126

ھەر بىر ئۆلۈمدە بىردىن باھار ........................ 129

يالغۇز كارىۋات ۋە يالغۇز يوتقان ........................ 130

گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇت بولسامۇ ........................ 131

بېكەتكە گېپىم يوق ........................ 132

ئىزاھات ........................ 133

قۇربان ھېيتنىڭ خۇشاللىقى ........................ 134

ھۆرنىسا ئىسمائىل ........................ 135

ئەزرائىلنىڭ ئادەم ئۆلتۈردىغان ئەسۋابلىرى ........................ 136

ئەڭ ئېگىز شارقىراتمىنىڭ نالە - زارى ........................ 137

تىللاردا داستان ........................ 138

ئات بازىرىدا كېتىۋاتاتتىم ........................ 139
گۈلنى پىنھان قىلىپ، غۇنچىسىن قات ـ قات قىلۇر .............. 140
قارا كۆز ھوي ـ ھوي ........................ 141
يېنىمدا ئولتۇر ........................ 142
ئەتىر كۆڭلىكىنى يامىۋالغان قىز ........................ 143
مەن ئۆزۈمدىن كەتمەكچى بولسام ........................ 144
ئاھ!!! ........................ 145
يورۇق پەسىللىرىڭنى باشلاپ كەل ........................ 146
يۇلتۇزلار قانات قېقىشقا باشلىغاندا ........................ 147
ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام ........................ 148
كېچە يېرىم ئاياغ ........................ 149
يەكەندىكى ئايال داستان ........................ 150
سەندىن كۆڭۈل تىلەيدىغان مەن ........................ 152
ھەق دوست، يائاللاھ! ........................ 153
ئۆلىدىغان ئادەممەن ........................ 154
ناتونۇش (داستان) ........................ 156
يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار ........................ 179
يىغلىدىم ئاسمان ـ پەلەك ........................ 181
شېئىردىكى كېچىلەرنىڭ بىرىدە ........................ 186
بىر بىچارە قەلەندەر ئىكەن ........................ 187
ئامرىقىم سۆيۈشەيلى ........................ 188
قىز كېچىسى گۈلدەك ھۆپپىدە ........................ 189
كۇكۇم قانىتى چىلاشتى جامغا ........................ 191
ئاھ، ئايجامال ........................ 192
ئۆتۈپ كەتتى كىرپىكىمدىن قەبرىلەر ........................ 205
سۈكۈتكە ئايلاندى تاشنىڭ قەسمى ........................ 206
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك ........................ 207
قان يۇقى يۇلتۇزلار ........................ 210




يار تەرەپتىن كەلگەن شامال ........................ 211
جېنىمنى قاقشاتما ........................ 212
ئۆلۈم ھەققىدە غەزەل ........................ 213
بۇ، مەن... ........................ 214
XX كە ........................ 215
چۈشۈمدىكى خىيالدا ........................ 216
يار ھەققىدە غەزەل ........................ 217
شېئىرلىرىمغا كىرىۋالدى... ........................ 218
ئون بىرىنچىسى ........................ 219
نېمە ئۈچۈن؟ ........................ 220
سېغىنىشنىڭ سەككىزىنچى ئېيىدا ........................ 221
مۇھەببەتنى چاقىرماقتا ئېگىز قوناقلىق ........................ 223
مېھرىبان كېچە ........................ 225
سۆيگۈ ئىزدەمسەن ... ........................ 226
ئۆلۈم چاقچاق ئەمەس ........................ 227
كۆڭۈلنىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقىدا ........................ 230
يەكشەنبىلىك جانان ........................ 231
كۇچادىكى غوجا ........................ 233
ئاشىق ........................ 236
يار قايان؟ ........................ 237
چۈشكۈن ئەتىرگۈل ........................ 239
يارىمنىڭ يالىڭاچ ياتقان تەنلىرى ........................ 241
قارغىش قېپى ........................ 243
يىراقتا قار قاپلىغان يار تاغلىرى ........................ 247
مەن بىر قاچقۇن ........................ 248
قايغۇنىڭ قارا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ........................ 251
تەبىئەتنىڭ ئايال كېچىسى ........................ 252
ئۆيدىن چىققاندا ........................ 253

يۈرىكىم جۇل - جۇل ........ 254
شېئىردا زىندان ........ 255
مۇھەببەتنىڭ ئايال كېچىسى ........ 256
دوستۇم قەلەندەر ........ 257
چۈشكۈن سۆيگۈ ........ 259
مەجنۇن ........ 260
يار قوزغىغان مۇھەببەت ئۇرۇشى ........ 261
قۇياشتا ئەشەددىي گۈمبۈرلەيدۇ داپ ........ 263
ئۆلۈمنىڭ بىرىنچى كۈنى ........ 264
چارشەنبىلىك يار ........ 265
مۇھەببەت روھتىكى خۇدا دېگەن خەت ........ 266
كەل، تونۇشۇپ قالايلى گۈل ........ 267
مەن - ئاشۇ تاش ........ 269
كۆز ياشلىرىم ئېيتقان ناخشىلار ........ 272
ئۆلۈمۈم ياپياش ........ 274
پۇل، سەن قانچىلىك نەرسە ئىدىڭ؟ ........ 276
شۈرىلىدى يار ........ 278
شېئىرلاردا بولماقتا قاچ - قاچ ........ 280
سۆيۈشمەيلى بىز ........ 282
يۇلتۇزلارغا قارىدىم ئۇزاق ........ 283
مېنى ئوپېراتسىيە قىلغىنى ئەزرائىل بولسا... ........ 285
لەنەت تاشلىرى ........ 287
ئاجايىپ ئۆلەرمەن، ياشاپ ئاجايىپ ........ 290
ئەزەلدىن بىر كىشى بولۇپ باقمىغان ھېچ كىشى ........ 291
جۇنۇن ........ 293
پويىز بوراندا قالدى ........ 294
بۇلۇتلار ئارا ........ 295
كۆزلىرىم قاراڭغۇ ........ 296




سۇنىڭ تويى ........................ 297
جەندەمدە پىتلار تاراقلار ........................ 298
مېنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار ........................ 299
گۈزەل قۇشلار سېنى تونۇماس ........................ 300
بوغۇزلىنىۋاتقان قوي ........................ 301
جېنىم، بۇ ئاخىرقىسى... ........................ 302
يامغۇر ........................ 304
تاش ئات ........................ 305
مەن باشقا ئادەم ........................ 306
لەۋلەر ساماسى ........................ 307
زاھىد ........................ 308
باشقا بىر يول ........................ 309
ئايزۆھرە ........................ 310
خوتەن ساڭا قالدى ........................ 311
توي خېتى ........................ 313
بىلمەن كەلمەيسەن ........................ 314
ھېچنېمىسى يوق... ........................ 316
سەن بار شەھەرگە ماڭدىم ........................ 317
قاتتىق ئازابلاندىم ........................ 319
يىپ - يىڭنىلىق يارىم ........................ 322
44 لەۋلىك يار ........................ 324
گۈزەل كېچە ........................ 326



# ئىت ئاغزىدىن ئالدى قىز جاۋاب

ئەتراپ جىمجىت، مانانلىق گۈگۈم،
مارىشاتتى يۇلتۇز جىمىرلاپ.
جىمجىتلىقنى بۇزاتتى پەقەت
قىز يىگىتكە نازلىق پىچىرلاپ.

قىز يىگىتكە دەيتتى پىچىرلاپ:
سۆيگۈم ئۈچۈن كەڭ جاھان ئىھسان.
جىدالامسەن مۇھەببەت ـ ئازاب،
تىلدا ئىبىتماق بولسىمۇ ئاسان؟...

جاۋاب بەرمەك بولغانتى يىگىت
كەپ قالدى بىر غالجىر ئىت قاۋاپ.
ھېچنېمىگە باقماي قاچتى ئۇ،
ئىت ئاغزىدىن ئالدى قىز جاۋاب.

1990 ـ يىل مارت، گۇما ــ قوشتاغ



# كېچە بارمىقىدىكى يارقىن ئۈزۈكمەن

كېچە بارمىقىدىكى يارقىن ئۈزۈكمەن
ياشايمەن چاقماق، بورانلار ئارا.
يۈتمەس غوۋغالاردىن قاتمەن تاشتەك
چاقنايمەن بارغانچە سۆزۈك ياشلاردا.

مېنى ئۆچۈرمەك بولدۇ شەيتان
ۋە سىزماق بولدۇ قايتىدىن مېنى.
لېكىن سىياھ يوقتۇر مېنىڭ رەڭگىمدە
بولسا ئەگەر ئۇ ئۆزۈمنىڭ نۇرى.

مېنى قايتا ياسىماق بولدۇ گۇمراھ
پارچىلاپ، كۆكۈن قىلىپ، يوقىتىپ ھەتتا.
لېكىن لېيىمنى يۇغارماق ئۈچۈن
يەتمەس ئۇنىڭ قانلىرى ھەتتا.

قۇياش كەينىدىكى كەنتتە بىر ئانا
يىغلاپ ئولتۇردۇ سېغىنىپ مېنى.
ئاھ، ھېچكىم بىلمەس، بىلمەيدۇ ھېچكىم
مەن ئۇ نامرات ئانىنىڭ دەردلەنگەن روھى.

1995 ـ يىل ئاپرېل، خوتەن



# قۇياش يالغان ياكى قار يالغان

قۇياش كۈلۈپ تۇرار ئاسماندا
قار ياغماقتا لەپىلدەپ.
باغاشلىغان پېتى ئاپتاپنى
مۇزلاپ قالدى بىر تەنها دەرەخ.
تۈۋىدە ئۇنىڭ
پاناھلىنىپ تۇردۇم مەن تەنها
(يا ئۇ مەندەك تەنها بىر بالا)
پىچىرلاپ ئۈنسىز:
قۇياش يالغان ياكى قار يالغان!

1996 ـ يىل يانۋار، خوتەن



## تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك

تۈن يۈكسىلىپ چولپان تۇغقان چاغ،
ئاشىق ئۆلۈپ ئارام تاپقان چاغ،
كېلەر جىمجىت توپىلىق يولدا
تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.

ھەر بىرىدە بىر كۈل كۆمچى،
بىر كەتمەن ۋە بىر ئارغامچىسى،
قوللىرىدا بار زەي قامچىسى
تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.

ئۇلار بىلەر تۇزنىڭ قەدرىنى،
ئۇلار بىلەر تۇزنىڭ رەنجىنى،
دەر: تۇزدا ۋىجداننىڭ تەمى...
تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.

جازالىسا زېمىن ئادەمنى
يوشۇرىدۇ ئاۋۋال تۇزنى.
دەر: تۇز دېمەك زېمىننىڭ روھى
تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.

سۈبھى يورۇپ چىراي كۆرسەتتى،
تورغاي سايراپ خۇش ناۋا ئەتتى،
ئاھ، ئاخىرى مەنزىلگە يەتتى
تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.

1996 ـ يىل ئاپرېل، خوتەن



# زىمىستان

قار
پەلەك قەپەسىدىن قاچقان ئاق كەپتەر.
چوقۇلاپ يوق تۇمشۇقلىرىدا
پىچىرلىشار يىلتىزلار بىلەن.

دەرەخ
كىيىمنى سېلىۋەتكەن ئەر.
شاخلىرىنى دىڭگايتىپ
ئىشرەت قىلار يۇلتۇزلار بىلەن.

تۇپراق
ئەبەدىيلىك يېپىقلىق دەپتەر.
ھەر بېتىدە كۆيەر بىرلا خەت:
ۋەتەن، ۋەتەن، ۋەتەن!...

1999 ـ يىل نويابىر، خوتەن

## ئەرنىڭ ئىپپىتى

كۆلسە لەۋلىرىدە گۈللەر ئېچىلار
يىغلىسا كۆزلىرىدىن ئۈنچە چېچىلار
ماڭسا ئايىغىدىن تىللا تۆكۈلەر
نەدىسەن مېنىڭ گۈزەل مەلىكەم؟

خوتەن دەشتىدە مەن پىيادە
هاسام ئۇپرىدى قۇياش كۆزىدە،
ئولتۇرۇپ ئەڭ ئېگىز بىنانىڭ پەلەمپىيىدە
تاكسىدىن چۈشۈۋاتقان، ئىشتان كىيمگەن قىزلار ئىچىدە
سېنى بارمىكىن دەپ قاراپ قالىمەن.

قاتتىق هاقارەتتىن يۈزلىرى چىم - چىم
ئانا گۈشى ساتماقتا بىركىم.
سەن تېخى قاندىن قورقىدىغانلىقىڭنى بىلمەيتتىڭ،
دەرەخ شېخىدىكى هىجرانكار كاككۇك
مېنىڭ ساڭا چاڭقاشلىرىمنى چۈشىنەر بەلكىم.

سەن بىلمەيسەن بۇ يەردە
ئۇر توقماق ئەسەبىيلىشىپ ئۆز ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى
ئېچىل داستىخان ئېچىلىۋېرىپ قۇرۇتتۇەتتى ئېتىزدىكى ئاخىرقى دانىنى.
ساڭقا ئېشكىم ئوغرىلاندى، تەڭگىلەرنىڭ شاراقلاشلىرىدىن
كېلەر ئۇنىڭ تاياق ئازابىدا هاڭرىغان ئۈنى.



چۇشۇپ ئاسماندىن ياغاچ ئاتقا مىنگەن شاھزادە
سېتىۋەتتى ئاچلىقتىن ئېتىنى ئوتتۇن بازىرىدا.
پادىچى تازىنىڭ مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ
تۇرغىنىنى كۆردۈم كىتابخانىدا.

پەرھاد ئون يىل تەشتى بىستون ئەمەس، شېرىن تېغىنى،
غېرىب پالاندى چۆلگە ئەمەس، سەنەمنىڭ مۇشكۇل مۇھەببىتىگە.
تاھىر ئاقتى دەريادا ئەمەس، زۆھرەنىڭ تارام ـ تارام كۆز ياشلىرىدا
چۇشەنمەيدۇ بۇنى مەڭگۈ ئاشىقتىن ئۆزگە...

سەن نەدە،
قەدىمدىنمۇ يىراق بىر يەردە
دەرەخ كاۋىكىدا مېنى ساقلاپ تۇرامسەن؟
ئاسمان
دېڭىز
تاغ
تۇغۇلامدۇ ئۈچ ئوغلۇم قايتا
ئۇلارنى سەن تۇغۇپ بېرەمسەن؟!
...
مەن ئورۇق، ئاچ
مەن ساڭا خۇمار
ئەرلەر ئېپپىتىنى يوقاتقىلى بولدى كۆپ يىللار.
رادىيو جىنسىي كېسەل توغرۇلۇق بەرمەكتە ئېلان،
ئەرلەرنى چۆچۈتكىنى ئېلان ئەمەس
قەرز سۈيلەۋاتقان تەلۋە ئاياللار.

ۋەتەن
ئەرنىڭ ئېپپىتى.

ۋەتەن
ئەرلەرنىڭ ياتلاشقان ئېتىقادىدا
سۇسلاشقان ئىمانىدا
داتلاشقان پىچىقىدا
چاڭقاپ ياتقان بىر سىقىم تۇپراق
قانغا، ۋىجدانغا.

قورقۇپ كەتتىم
ئۇمىدسىزلىكنىڭ يۈرىكىمنى لەختە ـ لەختە قىلىپ ئۇھسىنىشىدىن
ئايال كۆز يېشىنىڭ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈشىدىن
ئىشتان بېغىغا قول ئۇزاتقاندا
پۈتمەس قەرزلەرنىڭ ئەسەبلىرىمنى بوشىتىشىدىن...

ئاھ، مېنىڭ مەلىكەم،
كۈلمەي
يىغلىماي
ماڭماي
مېنى ساقلاپ تۇرامسەن
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە؟!

2000 ـ يىل ئاپرېل، خوتەن



# تارىخ

ۋاراقلىدىم تەن گۈلخانلىرىنى
قۇياش مۇزلاپ ياتقان ئاسماننى كۆردۈم.
ۋاراقلىدىم چۆل بارخانلىرىنى
يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن ھىجراننى كۆردۈم.
ۋاراقلىدىم روھ ئىسيانلىرىنى
مەشرەپ دارغا ئېسىلغان جەرياننى كۆردۈم.

شەھەر سەھرالاردىن كەتتى يىراقلاپ
تاشلار ياتار سايدا يېلىڭ ـ يانچىلاپ
دەريالار ئاقار ئانسىز، قىرغاق قاغجىراپ...
بىر سىقىم توپىنى ئالسام قولۇمغا
مەھەللەم يۇيۇنۇۋېتىپتۇ كىندىك قېنىمدا.
بىر چىمدىم قۇمنى ئالسام قولۇمغا
ئاتلار كىشنەپ كەتتى شۇئان جېنىمدا.
ئېچىپ كۆكسۈمنى
ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن قالقاننى كۆردۈم.
ئېلىپ قالقاننى
روھىم ئۇخلاپ ياتقان ئايۋاننى كۆردۈم.

شەھەردە ياشايمەن
دەريا، كۆللەرنى ئۆيۈمگە باشلاپ،
دەرەخلەرنى شىشىلەرگە قاچىلاپ يەيمەن.
ئون قەۋەت بىنانىڭ پەلەمپىيىدە

قاراپ سەدىقە تىلەۋاتقان ئىككى ئادەمگە،
تارىم چۆلدە،
تۆگىسىگە مىنەلمەيۋاتقان كارۋاننى كۆردۈم.

2002 ـ يىل مارت، خوتەن



# ئايغا قاراپ بولدۇم يالڭاچ

1

كۆزلىرىمدىن ئارمانىمنى كۆر،
كىرپىكىمدىن كارۋانىمنى كۆر.
ئاڭلاپ ھايات قوشاقلىرىنى
مۇزلاپ كەتكەن گۈلخانىمنى كۆر.

ناماز ئوقار جىنىم تىنىمدە،
ئىمان ئىيتقان شەيتانىمنى كۆر.
قايتار ھەممە ھەقكە، رەھىمگە،
قايتىۋاتقان جەريانىمنى كۆر.

2

بىنالارنىڭ قورسىقى ئاچتى،
ئۇسساپ كەتتى كوچا - رەستىلەر.
قوللىرىنى سوزار گۇناھقا
يۈرەكتىكى گۈللەر، كەشتىلەر.

ھۇررا توۋلاپ ئۆتەر كۆلەڭگە
ئەگەشتۈرۈپ جىنلارنى پات - پات.
ئادەملەرنىڭ بىلىمى ئاشتى،
ساۋاتسىز بوپ قالدى ئىتىقاد.

3

ئايغا قاراپ بولدۇم يالڭاچ،
كۈنگە قاراپ قالدىم نائىلاج.

گۈلگە قاراپ يارىمنى كۆردۈم،
تاقىۋاپتۇ غازاڭلاردىن تاج.

داپتا بوران، تەمبۇردا ئىسيان،
دۇتار چېلىپ قالدىم بالادا.
كىيىپ يىرتىق جەندە ـ كۇلاھنى
ناخشا ئېيتار كۆڭلۈم تالادا.

4

تۇرار جايىم بولمىسا مېنىڭ،
بارار جايىم باردۇر ئەلۋەتتە.
ياشار جايىم بولمىسا مېنىڭ،
ئۆلەر جايىم باردۇر خىلۋەتتە.

ياماشقاندەك ئايغا مەجنۇنتال،
يامىشارمەن يارغا يا دارغا.
تاڭلا باھارىم بولمىسا مېنىڭ،
قانداق دەسسەي گۇناھسىز قارغا؟!

2001 ـ يىل ماي، خوتەن



# ئالمىخان ھەققىدە قوشاق

قىزىرىپتۇ ئالمىخاننىڭ ئالمىسى،
تەگمىدى ئاتسام يۈرەكنىڭ چالمىسى.
ھاۋ، ھاۋ... قاۋاپ يۈردۈم ۋاپا كوچىسىدا
مەن بولۇپ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت لالمىسى.

ئالما شېخىدا مېنى ئۈردى تازا
ئالمىغا باغلاپ قويۇپ ساچى بىلەن.
لەۋلىرىگە قوندۇرۇپ قىلدى سوراق
گاھ كۆزى، گاھى قارا قاشى بىلەن.

ئالمىخان: ئېيت، ئەر بولۇرسەن نە سۈپەت؟
مەن دېدىم: قانىم قىزىل، جانىم پىدا.
كەلدىم پىراق سەھراسىدىن يالاڭ ئاياغ
ئۆرتىنىپ قەلبىمدىكى دوزاخ ئارا.

ئالمىخان: نەدە ۋىسالنىڭ كەۋسىرى؟
مەن دېدىم: بىر تەندە بار، بىر جاندا بار.
تەن ئارا جاننىڭ مۇساپىر خارلىقى
ئاھ، ۋىسال ئىچرە جۇدا ھىجراندا بار.

ئالمىخان: قايسى ساڭا بارگاھ، ۋەتەن؟
مەن دېدىم: دىل تۇپرىقى، يار قۇچىقى.
بىر جېنىمنى مىڭ قىلىپ كەلدىم بۈگۈن،
يا ۋىسالغا يەتكىلى يا ئۆلگىلى.

**ئالمىخان: يەتكىن مۇرادقا، بول ئامان،**
**مەن دېدىم: ئەگكىن بېشىڭنى ئالمىخان.**

2002 ـ يىل ئىيۇل، خوتەن





# ئوتتۇز ياش

سەن
ئوتتۇز ياش!
زېمىندا ئۆيۈڭ يوق، ئۆيۈڭدە خوتۇن،
ۋەتەن قەلبىڭدىن ئالدى كەڭ ئورۇن.
ئىش تاشلىغان ھەسەل ھەرىسى
ئوغرىلىدى ئۆزىنى ئۆزى.
ھەممە ئادەم ئىشكىنى ئەتتى
يانچۇقىدا ئۆزىنىڭ پۇلى.
ھەممە ئادەم كۆزىنى يۇمدى
كۆرۈش ئۈچۈن گۈزەل چۈشنى.
تاشلاپ كەتتى تۆت ياشلىق بالاڭ
قالدى ساڭا بىر پارچە سۈرەت.
ئۇنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازى
قالدى ساڭا ماكان بوپ پەقەت.
ئېتىزلاردا يالقۇنلار بۇغداي،
شەھەرلەردە سوغۇق ئىمارەت.
تېنەپ يۈردۈڭ شېئىرلىرىڭدا
بۇ دۇنيادىن بولۇپ خىجالەت.
ئاچ قېلىش ھەممىدىن نورمال ھادىسە،
تاياق يېيىش ھەققىدە ئويلاندىڭ نەچچە.
تام ئېلانى:
ئادەم ئالىمىز

تەندۇرۇس، قامەتلىك، ساغلام، چىدامىلىق.
رادىيو ئېلانى:
ئادەم ئالىمىز
( مىلىك يۈەن كاپالەت پۇلى ئالىمىز )
يىگىرمە بەش ياشتىن تۆۋەن، قوش تىللىق.

يۈزۈڭنى يۇيمايلا چىقسەن يولغا،
ئۇندا شاد ئادەملەر ئېيتىپ شاد ناخشا،
بولاپ ئالىدۇ خۇشاللىقىڭنى...

قاراپ يۇلتۇزغا، ئايغا، قۇياشقا
مۇنبەت تېنىڭدە كۆكلىگەن تاشقا،
قۇرۇپ كېتىۋاتقان بۇ دۇنيادىكى
ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ياشقا،
سورايسەن قايغۇلۇق: نان دېگەن نېمە؟
جان ـ تېنىڭدە، قان ـ تومۇرلىرىڭدا
چاقنار ھىدايەت، ئاقار مۇھەببەت.
ئاخىرقى ئامان قالغان بىرلا ئادەمسەن،
ھەر زەررە ـ زەررەڭگە سىڭگەن كامالەت.
ئىشەن، چۆللەرنى گۈللىتەر قولۇڭ،
ئاخىرقى ئالەمگە كەلدىڭ ئەڭ بۇرۇن.
ماكانىڭ سىنىڭ
بالاڭنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازى،
زېمىندا ئۆيۈڭ يوق، ئۆيۈڭدە خوتۇن.

2002 ـ يىل ئاۋغۇست، خوتەن



# سېغىنىش

1

رەنجىمە، بۇ يامغۇر ياغقان ئاخشامدا
مەن سېنى سېغىندىم شۇ قەدەر قىيىن.
ئۆزۈمنى ئاۋايلاپ باستىم باغرىمغا
ئەنسىرەپ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قېلىشتىن.
يېنىمدا مۈشۈك يوق، نە بىرەر چاشقان...
قورسىقىم ئاچقانچە چۆكتۈم ھېكمەتكە.
ئىشتاننى سالالماي كەتتىم چىرقىراپ
تۇرغاندەك بىر سۇنۇق ئەينەك ئۈستىدە.
ئاھ يوتقان! يالىڭاچ... يالىڭاچ بولساڭ
يالىڭاچ بولغانچە تەنھالىق يامان.
سەن ئوڭدا ياتقانسەن ۋەياكى يانچە،
مىڭ چاقىرىم يىراقتا ياتتىم سەن تامان.

2

ئالىمدەك كۆكسۈڭنى ئۈزگۈم بار قايتا،
بۇلاقتەك كۆزۈڭنى ئىچەيكىن قانداق؟
ئۆرۈپ قويغۇم بار چېچىڭنى چۇۋۇپ،
لېۋىڭنى چىشلىسەم، قانىسا ياپراق...
زېمىندا ئۆيى يوق بىماكان ئادەم،
چىللايمەن قەلبىمنى ئۆزۈمگە رەت - رەت.
چەك - چېگرىسىز بىپايان ئادەم،
بىساتىم، بارلىقىم پەقەت مۇھەببەت.

كېزىمەن شەھەر ھەم سەھرالار ئارا،
سەن ماڭا مەنزىلسەن، سەن ماڭا بايراق.
بىر ئايال ۋەسلىگە يەتمىگەن كىشى
ھۇزۇرنىڭ ۋەسلىگە يېتىدۇ قانداق؟!

3

مېنىڭ بۇ كونىراپ كەتكەن چىرايىم
تۇرىدۇ ئالبومدا دائىم سەن بىلەن.
مېنىڭ بۇ كونىراپ كەتكەن ئاۋازىم
ئىسمىڭنى چاقىرىپ بولدى ساز ـ لېۋەن.
سەنمۇ شۇ دېرىزەم سۇنۇپ قانمىغان
غالجىر، ئاي چېچىنى يۇلۇپ ھارمىغان.
ئۆلتۈرۈش ھەۋىسى باسقاندا مېنى
سەنمۇ شۇ پىچىقىم مېنىڭ يوقالغان؟!...
چىراغلار كېكەچلەپ يانغان گۇگۇمدا
يورۇقلۇق ۋە زۇلمەت سۆيۈشۈپ تۇرغان،
سەنمۇ شۇ زامانىنىڭ بۇزۇلغان چېكى ـ
كۆز ئالدىم لاۋۇلداپ تۇرغان زىمىستان؟!

4

ئىزلىرىم كوچاڭدا قالدى يالىڭاچ،
تېنىم قۇچىقىڭدا قالدى يالىڭاچ.
ۋەسلىم باغرىڭدا ئۇخلار ئۆلۈكتەك
جېنىم بارماقلىرىڭدا قالدى يالىڭاچ.
ئىزدەر ۋۇجۇدۇم چۆلدىن سېنى
ئاتلىق، پىيادە ئېلىم يالىڭاچ.
ساڭا تېۋىنىشىمدىن كىردى ئىمانغا
ئاسىي، قاراقچى قەلبىم يالىڭاچ.
يۈرەي ھەر يەردە، سەن يۈرىكىمدە،
سۆيەي ھەركىمنى سەن لەۋلىرىمدە.



**خەنجىرىم كۆكسۇمدە تۇرۇپتۇ چاقناپ،**
**سەنسىز ھاياتىمدا ئۆلۈم يالىڭاچ!**

2002 ـ يىل ئاۋغۇست، ئاقسۇ ـــ ئاۋات



# بارغانسېرى يېقىنلاپ قالدىم

بارغانسېرى يېقىنلاپ قالدىم
ناۋاكەش قۇشلار گۈلىستانىغا.
قارا تۇپراقتىن بىر سىقىم ئالدىم
چاقنار قۇمدىن بىر چىمدىم ئالدىم
كىشنەر ئاتقا مىنىپ يول ئالدىم
روھىمنىڭ گۈل ئېچىلغان زىمىستانىغا.

بوۋاقلار يىغلاپ ـ يىغلاپ قىرىپ كەتتى
تورغايلار سايراپ ـ سايراپ تاش بوپ كەتتى...
تۆگە تاپىنىدىكى كۆلدە يۇيۇندۇم
بوران بارماقلىرىدا تاراندىم
مازار تۈنلىرىدە قىرىق چىلتەنلىرىم
ئەرۋاھ ئوتلىرىغا قاقلاندىم.
يىرتىلغان پەلەكنى داپ قىلىپ چېلىپ
بارغانسېرى يېقىنلاپ قالدىم.

قاتىل ئۆلتۈرىدۇ ئۆلمەي دەپ،
ئوغرى ئوغرىلىق قىلىدۇ ئۆلمەي دەپ،
توشقان قاچىدۇ ئۆلمەي دەپ،
ئوۋچى قوغلايدۇ ئۆلمەي دەپ،
پادىشاھ ئۇرۇش قىلىدۇ ئۆلمەي دەپ،

西北民族大学图书馆
01957163
西北民族大學圖書館藏



ھەممىنىڭ نىيىتى بىر —
بولغاندەك قۇياش بىر ھەممە خۇدا بىر.

بەدىنىمدە نۇرغۇن بايلىقلىرىم بار
مەدەنلەر تولۇپ ياتار ئىچى - تېشىمغا
قوچقار ئۇسسۇشتۇرگەن يەرگە بارمايمەن
بەدىنىگە گۈل چەكتۇرگەن ئايالنى سۆيمەيمەن
ئەركىنلىكنىڭ پۇت - قوللىرىمنى چىرمىۋېلىشىغا كۆنمەيمەن
نازلارنىڭ يىلىكىمنى قۇرۇتىشىغا يول قويمايمەن.
مەن بىر قاتىل
تولۇپ كەتتى سانسىز جەسەت ۋۇجۇدۇمنىڭ مازارلىقىغا.
ئۆلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ھۇزۇرلۇق پەيتىدە
دال بولالماس ماڭا ھەتتا مىڭ پۇتاقلىق لوگىكا.
كوچىلار مېڭىپ ئۆتەر مەندىن ھەر كۈنى
مارار تاۋۇتلاردىن ھىجىيىپ تۇرغان باش سۆڭەكلىرى،
ياشاۋېرىشنىڭ زېرىكىشلىك دۇمبىقىنى چالار يەكشەنبە،
نان ھاشىرىغا سۆيلەپ كېلەر دۈشەنبە،
خۇشاللىق بوغۇزلانغان قىزىل تاجلىق گۈلدار خوراز،
ھەسرەت ساھىلىمغا ئەجدىھالار تۇرار ئوت پۈركۈپ
قومۇش نېيىمنى چېلىپ بەرسەم باياۋاننىڭ تەنھالىقىغا،
ئەسلەپ توغراقلار سەلتەنەتلىك كۈنلەرنى
ھاياجانلىنىپ چۈشسە ئۇسسۇلغا،
توغراق شېخىدىكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ساپايى
باش سۆڭەكلىرى سوقۇلغاندەك شاراقلاپ - شاراقلاپ جەز
قايتۇرسا «ياھۇ»غا،
تۇرماي نېچۈن ئورنۇمدىن،
چىقماي نېچۈن غارىمدىن...

قۇياش تۇتۇلغانسېرى روھىم ئاقىرىپ
كىيىمىم پۈتۈن بولغانسېرى كۆڭلۈم يىرتىلىپ
قاچقانسېرى كۆڭلۈم ئىنتىلىپ
بارغانسېرى يېقىنلاپ قالدىم.

2002 ـ يىل سېنتەبىر، خوتەن





## يەكەنلك Z

يىغلىما،
ئادالەت ئاپئاقتۇر، بەزىدە قارا.
يىغلىما،
مۇھەببەت مەڭگۈلۈك ساقايماس يارا.

سۆيەيلى ۋەتەننى، تەن بولسۇن بايراق،
ئۆرۈلسە تام
ئايلىنار ئۆي چەكسىز ئالەمگە.
بەزىدە چۈشەنمۇ نەپرەتلىنىدۇ،
ئوق ئۆلەر ئېتىلغان چاغدا ئادەمگە.

سۆيۈشنى ئىستىدىم، لەۋ بەردىڭ ماڭا،
كۆڭلۈمدە ساپايى چالدى قەلەندەر.
مەن ساڭا سۆيگۈدىن بەردىم مىڭ يالغان،
كۆزۈڭدىن تاراملاپ ئاقتى شۇم خەۋەر.

يىغلىما،
ئۆلۈم راست، ھايات يالغان.
يىغلىما،
گۈلنىڭ تەقدىرى خازان.

ئەرلەر يەرسىز، ئاياللار ئەرسىز،
يۈرەكتە مىڭ يىللىق ئىچىغان زەرداب.
دەريالار سۇپسۇزۇك ھەسرەت ئىچىدە

چېچىنى تارايدۇ تاغلارغا قاراپ.

ئاشقلىق ۋەسلىنى سورىدىك مەندىن،
كۆرسەتتىم مۇزلىغان بىر سقىم كۆلنى.
سورىدىم: قىينىغان سېنى نە ھىجران؟
كۆرسەتتىك يوتاڭغا چېكىلگەن گۈلنى.

يىغلىما،
بىر ھىجران -
بىر شائىر.
يىغلىما...

2002 ـ يىل ئۆكتەبىر، گۇما





# مەشرەپ چۆلى

1

يارىم كېلىپتۇ كۆرۈپ كەتكىلى،
ساچىنى چۇۋۇپ، ئۆرۈپ كەتكىلى.

جېنىمنى ئويناپ بارماقلىرىدا
بارماقلىرىمدا ئۆلۈپ كەتكىلى.

دوزاخ ئوتىدىن ئالغاچ كېلىپتۇ
ئۆچكەن قېنىمغا كۆمۈپ كەتكىلى.

لەۋلىرى سەرسان، كۆكسىدە ئىسيان
يىغلاپ كېلىپتۇ، كۈلۈپ كەتكىلى.

سۇندۇر قەدەھنى، جىسمىم شارابتۇر،
يارىم كېلىپتۇ چۆمۈپ كەتكىلى.

2

تەرسالىقىمدا ئىتائەت ئۆلمەس،
رەسۋالىقىمدا مۇھەببەت ئۆلمەس.

ئۆلۈم دەشتىگە سالمىسام ئاتنى
هايات باغچامدا هالاكەت ئۆلمەس.

مىڭ بىر كېچىگە ياقمىسام چىراغ
جىنلار سۈرى ـ قاباھەت ئۆلمەس.

رەقىب ياشلىرىدا يۇيۇنمىسام
يۈرىكىمدىكى جاراھەت ئۆلمەس.

قۇتۇلمىغۇچە جان ھىجرانىدىن
روھىمدىكى جىنايەت ئۆلمەس.

3

ئۆزۈمگە بىر ئۆزۈم ھەقىدا قەلەندەرمەن،
ساپايەم زارىدىن سەۋدا قەلەندەرمەن.

كېچىپ نىگارىدىن كىم يەتتى ھىجرانغا
ئۇنىڭ ھۆر قان ۋە ياشىدا قەلەندەرمەن.

ۋىسال ئارغامچىسىدا كىم باغلىنىپ يىغلار،
بەخت ئىچرە جۇداسىدا قەلەندەرمەن.

بىراۋنىڭ تاجى كۇلپەتتۇر بۇ باشىمغا،
شاھانە قۇل ئاراسىدا قەلەندەرمەن.

بىھوشلۇق چۆلىنى ئىستەيدۇ بۇ كۆڭلۈم،
يېشىلسەم گۈل بازارىدا قەلەندەرمەن.

4

يار كېتىپتۇ مەيلىگە مېھمان بولۇپ،
چېچىلىپ كۆڭلى ئۇنىڭ مارجان بولۇپ.

كۆز يېشى تۆندە قىزىل گۈل بەرگىگە
تامچىلاپتۇ يەتتە قات ئاسمان بولۇپ.

ئۆچۈرۈپتۇ، ئاھ، ئۈمىدىنىڭ شامىنى
قەلبى مۇدھىش قاپقارا زىندان بولۇپ.



زارۇ ـ زار يىغلاپتۇ ئۇن ئىككى مۇقام
ئاختۇرۇپ چۆلدە ئۇنى كارۋان بولۇپ.

ئەي غوجى يالغۇزلۇقۇڭ بولدى قىيام،
تاپ ئۇنى سەن كەتكۈچە ھايۋان يولۇپ.

5

ياشىسۇن ھەسرەتلىرى زۇمرەت ئانام،
ھەر تىنىق ـ نەپەسى تىرىك ھېكمەت ئانام.

چاچلىرى تاغلار تامان مەرغۇللىغان
سۆزلىرى تۇندە يورۇق سۆھبەت ئانام.

بىر گۈلى قالغان، خازان توققۇز گۈلى
بۇلبۇلى ئاشىققا دار زىننەت ئانام.

ئاھ، دېدى، بەردى مېنى ئالەمگە ئۇ،
سۆيگۈسى ھىجران ئارا قىممەت ئانام.

ياشىسۇن كۆيۈپ تۇرۇپ ئوتتا ئۆزى
تىلىگەن ئەلگە بېھىش ـ جەننەت ئانام.

2002 ـ يىل، خوتەن

## شىر ئەرۋاھى ناخشىسى

1

قان ئورنىدىن تۇرىدۇ

ناخشا ئېيتىدۇ.

كېلىپ سۈبھىدە

ئەتىر گۈللەرنىڭ يېشىنى سۈرتىدۇ.

2

تاشلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق،

پۈتكۈل چۆپ پەقەت بىر چۆپ.

يىغلىما ئانا،

جان تەندىن چىقتى

ئۆلۈم ئۆلدى!

3

تاش يىغلايدۇ كۆزلىرىنى تاپالماي،

ياش يىغلايدۇ نومۇسىنى تاپالماي.

تاغلار مەڭگۈ تەزىم قىلمايدۇ،

قىساس

يەردىن ئۈنگەن، كۆكتىن تامغان!

4

داپنى بوران چالىدۇ،

ساپايىنى توغراق.



ئېيتار ناخشنى
كۆلۈپ تۇرغان باش سۆڭەكلىرى.
يىغلىما ئانا
قۇملۇق ئۆلۈپ قالمايدۇ.

5

ناخشا تۈگىمىدى
قەلەم سۇندى...

2003 ـ يىل ئاۋغۇست، گۇما



# چۆچەكچى ئانا

1

ياماپ بولۇپ جۇل ـ جۇل يىرتىق چاپاننى
ياماپ بولۇپ ياماق ـ ياماق ئىشتاننى
ئۇنتۇپ كەتكەن چۆچەكمنى سۆزلەپ بەر،
چۆل نېمىشقا سىغىنىدۇ بورانىنى؟
يۆتەلمەكتە قېرى گۈلخان دالىدا
هايات كېسەل، ئىڭراپ ياتار تۆشەكتە،
ئۇنىڭ چۇشى كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ
يۈرەر بىزنىڭ بېشىمىزدا ئايلىنىپ.
تومۇردا قۇم قاينىغان بۇلاقلار
ئىدى قاچان ياۋا تۈكلۈك قەبىلە؟
يۇيۇنغاندا قۇياش قارا دەريادا
ئەتىر گۈللەر كەتكەن ئىدى قەيەرگە؟
گۈل بەرگىدە ياتار غېرىب جەسىتىم،
جىنازامنى كۆتۈرەلمەس كېپىنەك.
ساپان سۆرەپ هارغان قېرى هېسسىيات
ۋۇجۇدۇمدا كۆشەپ ياتار كالىدەك.
تۆگە قېنى، كارۋان قېنى، ئەر قېنى؟
بىر باتۇرنىڭ ئاهى ياڭرار كېچىدە.
ئۇ ئات مىنىپ چىققان ئىدى سەپەرگە،
كەلگەن ئانا قاچان بىزنىڭ شەهەرگە؟
كارۋان دەسلەپ ئەمەسمىدى بىر ئادەم،



جاننى جانغا ئۇلاۋاتقان قايسى يىپ؟
گۆشلىرىمدە ئەت قاۋايدۇ نېمىشقا؟
سۆڭەكلىرىم غىچىرلايدۇ نېمىشقا؟
نېمىشقا
تامنىڭ ئېغىر سۇكۇتىنى پاچاقلاپ
كېتەلمەيمەن ھاياتىمنى ھاپاشلاپ؟!...

2

قامغاقلارنىڭ ۋەتىنىنى بىلەمسەن،
تورغايلارنىڭ ناۋاسىدا نە ھىجران؟
ۋەھىمە ھەم ۋەھىي تولغان قەلبىمدە
ھۆركىرەيدۇ ئاھ خۇدا دەپ بىر ھايۋان.
شېئىرلاردا خۇپىيانە قاتىللىق،
ئادەملەردە يارنىڭ ئۆلگەن ئازابى.
باشلاپ كىرەر دەريالارغا مەڭگۈلۈك
ئورماندىكى سۇنغان كىرپىك ئاۋازى.
تولغىنىدۇ ئوت ئىچىدە قىزىل گۈل
يۇلقۇنىدۇ گۈلخاندىكى بالاغەت.
شولا تاشلار قاپقاراڭغۇ كېچىگە
چۈشلەردىكى قىيالىڭاچ جىنايەت...
روھ چۆلىدە بۆرە ھۇۋلار پەريادلىق،
قوي قوتىنى تولدى چەكسىز ھىجرانغا.
كەلسەم قېچىپ نېچۈن قاتتىق دۇنيادىن
يېرىلىپ تېشىم يېرىلمايدۇ نېمىشقا؟
قېنى ماڭا قىرىق توقال، كېنىزەك،
كۆڭلىكنى يىرتىۋاتقان ھاياجان؟
تاش ئۈستىدە بەزمە قۇرغان سۇ ۋە ئوت،
قېنى ئاخشام تويى بولغان شاھزادە
يۈرەمدۇ، ئاھ، رىبئاللىقتا سەرگەردان؟!

## 3

تاشلاپ كەتتى ماشىنىلار ئادەمنى،
قورشاپ بولدى ئۇنى يەنە بىنالار.
ئەينەكلەردە قىيپالىڭاچ رېئاللىق،
يالغان گۈلنى پۇۋلەر ئەركە شامالىلار.
ماڭساڭ چوقۇم بارالايسەن بىر يەرگە،
يوق شەھەردە دەريا ھەمدە تىك داۋان.
لەۋ سوزساڭلا يېتەر لېۋىڭ لەۋلەرگە،
مۇھەببەتنىڭ باھاسى يوق، بەك ئەرزان.
ئىشىك چەكسەڭ تونۇمايدۇ ھېچ كىشى،
قېرىنداشىسەن كەلگەندە ئۇ ئۆيۈڭگە.
پاكلىق چاقناپ تۇرار ئەۋرەز يولىدا
بۇلغىنىسەن قول ئۇزاتساڭ ئۇنىڭغا.
ئانا
بۇ شەھەردە چۆچەك دېگەن بەك تولا.
يېگەن نېنىڭ ھالاللىقتا بىباھا،
لېكىن ئۇنى شەھەردە
تاشلاپ بەرسە يېمەس بايلار ئىتىغا.
سېنىڭ ئۆيۈڭ مېنىڭ ئوردام تەڭداشسىز،
يەتمەس لېكىن بۇندا ھاجەتخانىغا...
جېنىم ئانا، ئەمدى توختايلى
چۆچەك دېگەن چۆچەك،
ئوتتۇرىسى دۆمچەك.
كۆز يېشىمىز تېشىپ كەتمىسۇن
ئۆملەپ - ئۆملەپ قېچىپ كەتمىسۇن.

2003 ـ يىل سېنتەبىر، گوما



# زار

تۈنلەر ئۆرۈدى چاچلىرىمنى قىلىپ ئارغامچا
مەجنۇنتاللار ئۆتتى شامالدا سىلىپ قامچا
كۆكسۈمدە ئۆسۈپ كەتتى قويۇق ئورمانلار
تۇپراق ئاستى مېنى ھەر كۈنى دارغا
يۈرەر كىرپىكىمدە تۆگە يېتىلەپ ئەما چۈشلەر
كۆزلىرىم ئىككى ئالەمگە دېرىزە بولدى
غىچىرلار سۆڭەكلىرىمدە جەڭ ھارۋىلىرى
دېھقانلار خىيالىمنى ساپانغا قاتتى
غالىبلار شاراب ئىچتى باش سۆڭىكىمدە
مەغلۇبلار تېرەمگە كىردى...
تۈمەن يىللار ساقلىدىم سېنى.

كۈتتۈم كېلەر دەپ سازلار يىغلىسا،
يىرتىپ كۈيلەرنىڭ پۈركەنجىسىنى.
پاچاقلاپ شېئىرلاردىكى زۇلمەتلىك سۆزنى
ئېچىپ تاشلارنىڭ ئىشكىنى.
كۈتتۈم كېلەر دەپ
گۈلدىكى جىلۋىلەردىن، سۇدىكى چوڭقۇرلۇقتىن
ئايدىڭدىكى شولىلاردىن، شارابتىكى جەزبىلەردىن
يۇلتۇزلارنىڭ چاراقلاشلىرىدىن، يوپۇرماقلارنىڭ شىل-
دىرلاشلىرىدىن.
كۈتتۈم كېلەر دەپ
ماشىنىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئەرۋاھدىن تۆمۈرنىڭ

كۆيدۈرۈپ، كىتابلارنىڭ كۈلىدىن
سۇندۇرۇپ، ئەينەكلەرنىڭ ئارقىسىدىن
يانچۇقۇمدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئون تىيىن پۇلىدىن
قولۇمدىكى قاتتىق ناندىن
ئوڭ تەرىپىمدىن ياكى سول تەرىپىمدىن
ئۇخلاپ ئويغانسام چۈشۈمدىن...
تۈمەن يىللار ساقلىدىم سېنى
سېغىنىشنىڭ قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرىدە.

بىلمەن كەلمەيسەن، كەلمەيسەن
كۈتمەن زېمىن ۋە ئاسمان بىلەن تەڭ.
شېئىر يېزىلىپلا تۈگىسە ئۆمرى
مۇزىكا قايتالمىسا جىمجىتلىقىغا
ئادەم تۇغۇلۇپلا ماڭسا ئۆلۈمگە
نېچۈن بۇ ئىنتىقامنى مەندىن ئالىسەن؟!

2003 ـ يىل دېكابىر، خوتەن



## باللىقىمدا...

باللىقىمدا
ئاسمان بىزنىڭ ئۆگزىدە ئىدى.
تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلار
يۇلتۇزلار نۇرىنى ئىمىپ چوڭ بولاتتى.

ئىشتان سىيلىشتىن ماختىناتتىم
قىزلارنىڭ يانچۇقىغا سەۋزە سېلىپ قوياتتىم،
ئانامنىڭ ئەسكى دەپ تىللاشلىرىدىن پەخىرلىنەتتىم.
يېزىدىكى ئەسەبىي بازاردا
مۇشتلىشاتتى تەلپەك كىيگەنلەر،
قاراپ ئۇلارغا
ھۇزۇرلىناتتىم كەمپۈت يېگەندەك.
دائىم ئۆرە تۇرۇپ سىيەتتىم،
بارلىق ئىشەكلەر مېنى تونۇيتتى.
دادامنىڭ مېنى ئۇرۇشلىرى
ئويغىتاتتى مەندە نۇرغۇن ئىستەكنى.
ھەۋەس قىلاتتىم
ھېچ كىشىنى ئىلماي كۆزىگە
دەلدەڭلەپ يۈرگەن مەستلەرگە.
چوڭ بولسام
چوقۇم
مەنمۇ هاراق ئىچىمەن، دەيتتىم.
ھېچكىم بىلمەيتتى

مەخپىي
ئىنتايىن مەخپىي
تۇرمىدىن قېچىش ھەققىدە باش قاتۇراتتىم،
چۈنكى، دادام دائىم
يامان ئادەم ھامان تۈرمىگە كىرىدۇ، دەيتتى...

مەن ھازىر ياۋاش پۇقرا،
ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى
ھېچكىم بىلەن مۇشتلىشىپ باقمىدىم
ئۇرۇپ باقمىدىم
تاياق يەپ باقمىدىم
تۈرمىگە كىرىشتىن ئۆلگىدەك قورقىمەن...
چوڭ بولغاندا بۇنداق ئادەم بولىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام
بەلكىم
بالىلىقىمدىلا ئۆلۈۋالغان بولاتتىم
چوقۇم ئۆلۈۋالاتتىم.

ھا، ھا، ھا...

2003 ـ يىل دېكابىر، گۇما ــ قوشتاغ





## خوراز چىللايدۇ

خوراز چىللايدۇ، چىللايدۇ،
ئالدىدا نۇر توشقۇزۇلغان سۇبھى پىيالىسى.
شاھانە شاخلارنى مېكىيانغا بەرمەيدۇ،
بېشىدا قىپقىزىل يالقۇن تاجىسى.

ھايات رىۋايەتتە قېرىمايدۇ
مۇھەببەت پۇچۇق ئەينەك ئالدىدا چېچىنى تارايدۇ.
ھاياجان مەڭگۈ يالىڭاچ
ئەقىل ئۆمرىدە بىر رەت ئىشتىنىنى سالمايدۇ.
ھەر قەدەمدە ئاخىرەت
ھەر ۋۇجۇد بىر خاقانە.
ھەر نەپەستە بىر جۇدا
ھەر كۆڭۈل بىر دىۋانە...
تەن زۇلمىتىدىن دىل تاڭلىرىغا
خوراز چىللايدۇ، چىللايدۇ!

2004 ـ يىل يانۋار، خوتەن

## سۇغا باقما...

ساچىن تاراپ، جىلۋە قىلىپ قاچار پەرى چوڭقۇرلۇققا،
سۇغا باقما، قالار ئۆمرۈڭ مۇشەققەتتە، دىلىڭ داغدا.
ئېقىپ كېلەر قىزىل ئالما لەيلەپ ـ لەيلەپ سىرلىققىنا
قول ئۇزاتساڭ غايىب بولار، سۇغا باقما، سۇغا باقما...
مەجنۇنتاللار مەجنۇنلارچە تاشلار سۇغا شاخلىرىنى،
سۇلار كېتەر ئاڭلىماستىن مەجنۇنتالنىڭ ئاھلىرىنى.
تاشلار ئۇسسار، نالە قىلار سۇ تەكتىدە كېچە ـ كۈندۈز،
ئېسىڭ قۇرۇپ قاخشال بولار، سۇغا باقما، سۇغا باقما...
چىن ئاشىقسەن، قەلبىڭ تەنها، جانان تەنها، سۇبھان تەنها،
ھېچكىم بىلمەس سۇلارمۇ ھەم تامچە ـ تامچە ئاقار تەنها.
ھەممە بارلىق بىر ـ بىرىگە ئاشىقتۇركى تەنها ـ تەنها،
روھىڭ قالار ئوت ئىچىدە، سۇغا باقما، سۇغا باقما...

سۇ ئاقىدۇ ئۇسساپ ـ ئۇسساپ چېكىپ ئاتەش پىراقىنى،
كۆكتە ئاسمان ئاقار تىمتاس سۇرۇپ بۇلۇت قولۋاقىنى
مەن كېلىمەن ئۆستەڭ بويلاپ ئىزدەپ ھايات بۇلاقىنى،
نالە قىلىپ ئېيتار كۆڭلۈم: سۇغا باقما، سۇغا باقما...

2004 ـ يىل مارت، گۇما



## قانغان قان

جىنىم ھاياتقا ئېيتتى ئەزان
چۈشىدىن ئويغاندى دەپتەردىكى قان.
كۈندۈزلەر قۇل بولۇپ كەتتى قۇياشقا
دۇنيا ئېزىلىپ يۇرەر كىتابتا
بەتلىدىم ئۆزۈمنى رەزىل ھاياتقا
سەۋدايى ئاشىقمەن ئۆلۈپ قانمىغان!
كەلمەمسەن
ئەي چېچى چۇۋۇلغان شەرمەندە خىيال
تېنىدە ئۈچ بۇرجەك تۆڭلۈك بار ئايال،
يۇلتۇزنىڭ نۇرىدا ئۆلۈك يۇيغۇچى
كۆڭلىدە ھېچكىم يوق دىۋانە شامال...
مەن ھازىر ئوت كەتكەن سۇنىڭ ئىچىدە.
...
توغراقتا ھېچنېمە قالمىدى دەيدۇ
يا بىراۋ يول باشلاپ كەلمەيدۇ دەيدۇ.
بارخانلار ئاستىدىن چۆچۈپ قوپىمەن
ئىزلىرىم تەكتىدە ئاتلار كىشنەيدۇ.
ماشىنا جاراڭلاپ تۇغۇلۇپ تۇرار
قىزىل گۈل ئۆلدۇ قىزىل سەھەردە.
ئەرلەر ئەخلاقسىز ياشىيالمايدۇ
ئىشتان كىيمىگەن ئايال شەھەردە.
كەلمەمسەن
مەن ھازىر قىلىچتەك بولدۇم يالىڭاچ

**مەن ھازىر ياغاچتەك قۇرۇدۇم ساڭا.**
**ئەي ئىشتان بىغىنى يىتتۇرۇۋەتكەن قىز**
**ئەي كۆزى تېشىلگەن قاراڭغۇ مەشۇق**
**ئەي لېۋى دېڭىزدەك دولقۇنلۇق قۇملۇق**
**ئەي مەندەك ئاچ قالغان مۇقەددەس تاغلار**
**ئەي مەندەك يارىغا قانمىغان باغلار...**
**كەلمەمسەن؟**
**ۋارقىراپ تاشلايمەن بىر دەمدىن كېيىن**
**شېئىر قەغەزگە كىرىۋالدۇ،**
**ھاياجان**
**قەغەزگە پاتمايدۇ، ئۆلۈۋالدۇ،**
**قالدۇ پايانسىز جۇدالىق، ھىجران!**

2004 ـ يىل يانۋار، گۇما ــــ قوشتاغ



# ئىباگۈل

ھېچكىمنىڭ چۈشىگە كىرمەيدۇ بۇ يەر
يۇلتۇزلۇق ئۆستەڭدە ئاقىدۇ كۆڭۈل.
كىرىدۇ جىرىڭلىتىپ قوڭغۇرىقىنى
چەكسىز باياۋىنىمغا غېرىب ئىباگۈل.
ئۇنىڭ چاچلىرىدا قىرىق بىرىنچى قاراقچىمەن
كىرپىكىدە سەرسان يولۇچىمەن
لەۋلىرىدە تەلۋە شارابخورمەن
كۆزلىرىگە چۆكۈپ كېتىمەن...
ئۇنىڭ پۇتلىرىدا بىھوش ناۋالار
تۇپراق ئايىغىغا ئېسىلار يىغلاپ.
چۈشىسە قىلىچتەك يالىڭاچ ئەكسى
سۇنار ئەينەك تاراڭلاپ.
تېنىمنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ تېنىدە،
ئېپچىقار ئۇ مېنى روھ ئالىمىگە؛
ئۇ يەردە مىڭ يىللىق ئىشقىي پىراقتا
ئىزدەر بىر ـ بىرىنى ئادەم ۋە ھەۋۋا.
يوقتۇر ئۇ يەردە گۈللەر، چېچەكلەر،
سايرايدۇ ۋە لېكىن قۇشلار قان قۇسۇپ.
ئۇياندىن بۇيانغا تاۋۇت كۆتۈرۈپ
ئۆتىدۇ ئۆلۈكلەر پەريادلار ئۇرۇپ.
بىر ـ بىرىگە ئېسىلىپ يىغلاپ
خۇدا! دەپ قايغۇلۇق ھۇۋلار ھايۋانلار.
يېرىلار بىر ـ بىرىگە سېلىشىپ گىرە

يار! دەپ ۋارقىراپ ساناقسىز تاشلار.
سۈنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ـ ئاسمان،
تۇپراق ئايدىڭدا قاناتلار قاققان.
قانلار گۈل بولۇپ ئېچىلىۋاتقان،
سۆڭەكلەر نەي چېلىۋاتقان.
...
ۋىسالغا يېتىدۇ ئادەم ۋە ھەۋۋا...
ئىباگۈل ئىڭرايدۇ: گۇناھ، گۇناھ...
دۇنيا ئاستا ـ ئاستا بولىدۇ بىنا...

جىرىڭلار باياۋىنىمدا ئالتۇن قوڭغۇراق.

2004 ـ يىل مارت، گوما ـــ قوشتاغ



## ئادىل
### (ئوغلۇمغا)

1

ئادىل يالىڭاچ ئوينايدۇ
كۈندىن ئىزا تارتمايدۇ
ئۆرە تۇرۇپ سىيىدۇ
بىر، ئىككى، ئۈچ...
سۈيدۈكىدىن ئاتلايدۇ.
ئەينەكلەرنى چاقىدۇ
يوق ئاڭا قانۇن.
خالىغانچە يىغلايدۇ
يوق ئاڭا سىياسەت.
ئايىغىنى تەتۈر كىيىدۇ
لېكىن
يولنى ئوڭ ماڭىدۇ.

2

قوينىڭ بالىسى قوزا
ئېشەكنىڭ بالىسى تەخەي
كالىنىڭ بالىسى موزاي...
چۈمۈلىلەر ھاشارچى
ئۆمۈچۈك ئىشچى،
خوراز لۈكچەك، بۇقا قىمارۋاز

پاقا ناخشچى...
قاراڭغۇدىن قورقمايدۇ
جىننى ئىزدەپ توۋلايدۇ
ئادىل دېگەن ئادىلدۇر
ئوغۇل بالا پادىشاھ.

3

كۆزلىرىگە يېپىلسا گۈگۈم
يىغلىتىدۇ يۇلتۇزلار ئۇنى.
قاراڭغۇدا توۋلايدۇ جىنلار
تاپالماستىن ئىسسىق ئۆينى.

تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ
ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغىچە،
يۈگۈرىدۇ دادا دەپ توۋلاپ
تەنهالىقتىن غېرىبلىققىچە.
دادىسى ئۇنىڭ شامال قەلەندەر
ئانىسى ھەم سەرسان كېپىنەك.
قوشاق دېگەن چۇۋۇلغان سېۋەت
چۆچەك دېگەن تۈۋى يوق چېلەك.

ئوغۇزخان بار، كۆك بۆرە يوق
چىن تۆمۈر بار، مىسران قىلىچ يوق
سادىر بار، ئاق ئات يوق...
چۈنكى، ئۇلار كىچىك، بەك كىچىك
كىردى ئاران بەش ياشقا.

2004 ـ يىل مارت، خوتەن



# يالغان راست، راست يالغان

يىرتىمەن، دېڭىزدەك قانغان كۆڭلۈم،
يىرتىمەن، چۆللەردەك تۈك باسقان تېنىم.
يىرتىمەن شېئىرلىرىمنى، جۇل - جۇل كىيىملىك
ساپايە چېلىۋاتقان قەلەندەر دىلىم.
گۈلخانىلار ئوچاقتىن قاچىدۇ ھېلى
سۇلارنىڭ توختىماي قاچقىنى قاچقان.
تاغلار ئورنىدىن تۇرغىلى نەۋاق،
چېچىنى تارايدۇ يىگانە ئورمان.
كۆڭلۈمدە چېقىلغان ئەينەكتەك شەھەر،
قەلبىمدە يىرتىلغان تالاي سالام خەت.
ئەزەلدىن ئاچ - يالىڭاچ ماكانسىز سەنئەت،
قۇشنىڭ دەردلىك ئۈنى - ئۇ نادىر زۇۋان.
تاڭنىڭ ئۈنى كېلەر شەبنەمدىن،
يۇيۇلىدۇ ئۆستەڭدە پىغان.
تەن ئىشكىنى ئېچىۋەتكەن
كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ جان.
قان تۆكۈشتىن قالغان ھېسسىيات
كۆندۈرۈلگەن تەلۋە بىر ھايۋان.
توپ - توپ بولۇپ ئۆلمەكتە كېپىنەكلەر بازاردا،
چىۋىنلەرنىڭ قىساسى ھەممە يەرنى قاپلىغان.
ھىلال ئەمەس ئايپالتا، يۇلتۇز ئەمەس ئوت ئوقيا،
قۇياش ئەمەس نان، ۋەتەن بېرىشكە بولمايدىغان جان.
چاپالماس ئەبەدىي رەسىمدىكى ئات،
ئېچىلماس مەڭگۈ چۈشتىكى رەيھان.

ئۆلۈم ئۈچ بۇرجەك
تۆمۈر قان، شۇك ئەمگەك، تۆت چاسا نان.
قىزىل تاكسى بۇزۇق قىز، تىراكتورلار ھاشاردا
يىرتىق ئىشتان ھاياجان،
روھ تۇپراق، تەن ئاسمان.
گۈللەر ئۆزىنى ساتار ئەرزان
ئازابنىڭ ماركىسى يالغان
رەستىدە ئىشتىنىنى سالار ھاياجان
يەنىلا
ھەر بىر كۆڭۈلگە مۇھەببەت سۇلتان.
شەھەر ھازىر ئايالدا
بولۇپ سۆيگۈ ئۈچ بۇرجەك
قەسەم بىرەر كارىۋاتقا.
ئەينەكلەردە رىئاللىق قىپيالىڭاچ، تۈكسىز، ئاق
خۇشالدۇر ئەڭ خۇشالدۇر
تاماكا، ھاراق.
رەستىدە ئەر ھۆركىرەر قوللىرىدا موخۇركا
بۇرۇتى غېرىب
ساقىلى سەرسان.
پۇلاڭلاپ تۇرىدۇ ئىشتان بېغىدا
ئالتۇن غىلاپلىق داتلاشقان ھىجران.
كۆتۈرۈپ يۈرەر ئۆز تاۋۇتىنى
ئۆزىنىڭ پايانسىز سۆيگۈسى بىلەن،
راۋان بولار
قىپچىپ چىقىپ شېئىردىن ۋەتەن.
ھەسرەت يالغان، راستتۇر تاماكا،
يالغان راست،
راست يالغان!

2004 ـ يىل ئىيۇن، گۇما ـــ قوشتاغ



# قوشنا ئۆيدىكى ناخشا ئاۋازى

خۇدانى كۆرگەندەك كېسەل ئالۋاستى
ئېچىرقاپ يىغلايدۇ مەست بولغان ئازاب.
يۈلتۈزى تۆكۈلۈپ كەتكەن بىر ئايال
ياتىدۇ ئىچىمدە جىنىمنى ئويناپ.

بىلىمەن مەن قانداق چەكسىز ياشاشنى
ناخشىدەك، شېئىردەك ماكانسىز، سەرسان.
تىلەمچى بالىنىڭ كىرلەشكەن يۈزى
شەھەرنىڭ قەلبىدە قىلىدۇ جەۋلان.

قايرىلىپ باقىدۇ سۇنغان قىلىچتەك،
ئۆتمۈشۈم پۈتۈنلەي قانغا بويالغان.
هاياتىم گۈللەرگە لىق تولغان تۈرمە،
ئاه مەن ئۇ تۈرمىگە يالغۇز قامالغان.

2004 ـ يىل ئاۋغۇست، خوتەن



# ئۇزاق چۈشتىن ئويغاندى كارىۋات

1

ئۇزاق چۈشتىن ئويغاندى كارىۋات،
سوغۇق تامدا ئاي نۇرى چاقنار.
مەش زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئايال،
دېرىزىدە تاشقىنلار باھار.
مەن تەنھامەن شۇ قەدەر دەھشەت،
ئايىغىمدا سەرسان كېلەچەك.
ياشاي دوستۇم مۇھەببەت ئۈچۈن،
مەن ئۆمرۈمدە ئۆلمەن بىر رەت.

2

ئوق ئاتىدۇ گۈللەر كۆكۈلگە،
شېرىن تىترەپ چېقىلار ئەينەك.
بىر ئىت ئۆلەر سوغۇقتا مۇزلاپ،
بىر ئىت ياشار سەندەك يا مەندەك.
جان مۇساپىر بولمىسۇن مەڭگۈ،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلسۇن مامات.
ئۆلەي دوستۇم مۇھەببەت ئۈچۈن،
مەن دۇنياغا كەلمەيمەن پات ـ پات.

2005 ـ يىل سېنتەبىر، گۇما



# قالمىدى زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل

ئۆلۈمگە ئوخشايدۇ مېنىڭ ئاۋازىم،
قارغايدۇ ئىزىمنى جىنكەش تېرەكلەر.
دۇتارنىڭ قارنىدا ئايال ئولتۇرار،
يىرتىلار قەغەزدەك ئاپئاق يۈرەكلەر.

قالمىدى زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
مۇقامدەك مۇڭلىنىپ ئاقار يۇرۇڭقاش.
يىغلايدۇ تاغلارنىڭ ئۈستىدە توختاپ
جىنازا كۆتۈرۈپ ماڭغان شۇ قۇياش.

ئۆزۈمنىڭ دەردىنى تارتىمەن يالغۇز،
ئۈچ مىڭ يىل دەرد تارتقان يالغۇز توغراقتەك.
بۇرۇتۇم بوراندا تۇرار يەلپۈنۈپ،
كۆزلىرىم ئۆچكىچە تاكى چىراغدەك.

2006 ـ يىل يانۋار، گۇما



## قىشنىڭ مەلۇم كېچىسى

مەن، ھەي...
كېچە قاراڭغۇلى
چۈش ئوغرىسى.
يوتقان مېنى قۇچاقلىمىدى،
شۇنچە سوغۇق
تەنھالىقنىڭ قايغۇسى.

بىر قىز بولسا
چىرايلىق بولسا
خەتەرلىك خىيال...
ئورۇندۇق ئېشەك،
مەش زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ
سېيىۋاتقان ئايال.

تېنىمنى سىلىسام
كۆڭلۈم سەرگەردان.
بېشىمدىن تاپىنىمغىچە
قار قاپلىغان پايانسىز ئورمان.
ئورماندا
چېپىپ يۈرەر بىر توپ ياۋا ئات.
ئات ـ ئايال
ھېچكىم مىنمىگەن،
كۆندۈرمەن مەن ئۇنى جەزمەن.



بۇ بىر كېچە
مىڭ بىر كېچە ئەمەس
لېكىن شەھۋەت تۈگمەس چۆچەك

قىشنىڭ مەلۇم كېچىسى
مەن ئېتىدىن ئايرىلغان جەڭچى.

2006 ـ يىل مارت، گۇما

# سالدىم ھېكمەت چاپىنىنى

ئاشىق قەلەندەر
مەشۇق باياۋان.
يىرتار كىيىمنى
تەلۋە ھاياجان.
مۇقام دىۋانە
يوق بىر پىيالە
ئىچكىلى شاراب.
كۆڭۈل تۇترۇقسىز،
يوق بىر ئىلاھى
قىلغىلى تاۋاب.

گۈل ئۆلمەيدۇ
ئۇخلاپ قالىدۇ.
ناخشا تۈگىمەيدۇ
توختاپ قالىدۇ.
ئۆلىدۇ پەقەت
ئادەم ئۆلىدۇ.
تۈگەيدۇ ھايات
دۇنيا قالىدۇ.

ئەقىل زۇلۇمدۇر
سالاي چاپانىنى.
ھېكمەت ئۆلۈمدۇر



تاپاي جاھاننى.
كەل ئەي سازىڭ چال
مەستانە ئايال،
ۋەتەن بول، ساڭا
ئاستانە بولاي.
بويىنۇڭدا تال ـ تال
مارجانە بولاي،
چۆللۈڭدە زار ـ زار
دىۋانە بولاي...
يېگانە ئەردۇر،
ھايۋان يېگانە.
يېگانە ئايال،
شەيتان يېگانە...
قوشۇلغىن ماڭا
مەستانە ئايال،
سۆيگۈ ئىچىدە
نۇرانە بولاي!

2006 ـ يىل 20 ـ ئاپرېل، گۇما



# يارسىز كېچە

چىراغ
ئوقۇپ دەھشەتلىك يېرىم كېچىنى
زۇلمەتكە توشقۇزدى ئۆينىڭ ئىچىنى

يىغلاشقا باشلىدى تامدىكى كۆزلەر،
توقۇدى باھاردەك ئىللىق ئىسمىڭنى
خاتىرەمدىكى يانتۇ ھەرپلەر

يۇلتۇزلار قاۋايدۇ
ئايال ئاي
دېرىزىدىن مارايدۇ.

قاچمەن بېشىمدىن تاپىنىمغىچە
قوغلايدۇ كەينىمدىن گۈللەر ئاتقان ئوق.

2006 ـ يىل ماي، خوتەن





# كۈندۈزدىكى ھېكايە

خىيالسىزلا كوچىغا چىقتىم
بولۇپ ئوغرى چىراي.
ساپايە ھالقىسىدىن ئۆتكۈزدى مېنى
ھېچنېمىسى يوق قەلەندەر بوۋاي.

بۈگۈن بۇ شەھەردە مېنىڭدىن بۆلەك
يوق بىرمۇ قاتىل ھەم يوق بىرمۇ لۈكچەك.
سۆيگۈ بىر قوشاق
قوشاق دېگەن چۇۋۇلغان سېۋەت.
ھايات بىر چۆچەك
چۆچەك دېگەن تۈۋى يوق چېلەك.

قوغۇن بازىرىدا شاپاق ھاياجان
پىت بازىرىدا شاھانە چاپان
ئەرزان، بەك ئەرزان.
گۈزەل بىر قىز يىغلاپ كېلىدۇ
دەردى راست، ھەسرىتى يالغان.
قانات سۆرەپ كېلەر بىر يىگىت
قانىتى ئەر، تاجىسى مېكىيان...

شەھەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان بىر بۆرە
يۈرىدۇ رەستىدە گۈلدىن تاياق يەپ.
تاغدىن چۈشكەن ئاھۇنىڭ قىزى
سېلىۋېتىپ تېرىسىنىمۇ

ئۇسسۇل ئوينار ئۆزىنى دەسسەپ،
كۆزلەرنىڭ ئىشتىنى يىرتىلار ۋەرت - ۋەرت.

ماشىنا ۋەقەسى يۈز بېرەر بۇگۈن
ئۆلگۈچى مەن.
ئادەملەر بېشىمدا قىلار غۇلغۇلا:
— ۋاي ئىست!
— ياش ئىكەن،
— ئايىغى باش ئىكەن،
— بېشى تاش ئىكەن،
— ...
تۇساتتىن
ئورنۇمدىن تۇرۇپلا قېچىپ كېتىمەن،
پۈر كېتەر بىر جەسەت قېچىپ كەتتى، دەپ.
چاپلىنار يۈزۈمگە تۇتۇش بۇيرۇقى
قاچىمەن
قاچىمەن ھاياتقا قاراپ ئىچكىرىلەپ...

ئەمچەك راكىغا گىرىپتار بولغان بىر ئايال
ئوغۇز سۈتىنى ئېمىتمەكتە شەھەرگە.
بۇ
قۇياش ئۇنتۇلۇپ كەتكەن
كۈندۈزدىكى ھېكايە.

2006 - يىل ماي، خوتەن



# قولنى كۆتۈردى كوچا تاختىسى

قولنى كۆتۈردى كوچا تاختىسى
توختىدى غىڭشىشتىن ئىتنىڭ ناخشىسى.
توختىدى شېئىرلار خۇشال ئۆلۈشتىن
زېرىكتىم توختىماي يالغان كۈلۈشتىن
مەن كېتەي قايغۇلۇق ئورمانغا قاراپ
خۇشاللىق يۈزۈمگە تارتىلغان نىقاب
يىرتىلسۇن، بىر قېتىم بولاي يالىڭاچ...

شەھەرنى قۇل قىلدى پۇل بىلەن ئايال
شېئىرنى گۇل قىلدى چۆل بىلەن شامال.
ئاتلارنىڭ يالنى تارىغان قوللار
قىزلارنىڭ چېچىدا تىترىدى غال ـ غال.
چېقىلىپ باقمىغان ئەينەك قالمىدى
ماشىنا گۈللەرنى ئۆتتى باستۇرۇپ.
كىتابلار بىر دۆۋە چىرىگەن سۆڭەك،
باللار مۇكچەيدى قېرىماي تۇرۇپ.
ياندى كېكەچلەپ قىزىل چىراغلار
توختىدى قاناشتىن بىر ئىسسىق يۈرەك.
ئايالار يۇلتۇزلۇق كېچىدۇر ئەسلى،
ئەرلەرنىڭ ئەزەلدىن پادىشاھى يوق.

سەن ئۈچۈن دەرد چېكىپ جېنىم قارا كۆز
بوپ كەتتىم ئالەمدە ئەڭ مەشھۇر بەڭگى.

ياتساڭمۇ نازلىنىپ جانۇ - تېنىمدە
بېشىڭنى سىلاشقا قولۇم يەتمىدى.
كۆزۈڭنى ئاچقىنا، مەن ئۆلۈپ كېتەي
ئۆلگىچە مەن سېنى بىر كۆرۈپ كېتەي.
قەلەندەر ئۆيۈمدىن قايتتى قۇرۇق قول
خاقانلار بوسۇغام ئالدىدا جۇل - جۇل.
ئېچىلدى قان ئىچرە قىپقىزىل گۈللەر
يىغلايدۇ قان ئىچرە بىر گاچا بۇلبۇل.
كۆزۈڭنى ئاچقىنە، بىر كۆرۈپ كېتەي
خۇدانىڭ ئالدىغا مەن كۈلۈپ كېتەي...

2006 - يىل ئىيۇل، گوما



# يارىمنىڭ چېچى

يارىمنىڭ ئىككى تال توم ئۆرۈم چېچى
مۇھەببەت دارىنىڭ ئىككى تۈۋرۈكى.
جان تەسلىم قىلىمەن ئېسىلىپ ئاڭا
قۇش ئالتۇن قەپەسنى چاققان شۇ كۈنى.

ساقلايمەن مىڭ جاننى بىر جان ئىچىدە
ساقلايمەن سۆيگۈمنى ھىجران ئىچىدە.
ئاھ ئۇرۇپ شاھانە ئايۋان ئىچىدە
ساقلايمەن ئەركىمنى زىندان ئىچىدە.
ئاۋازىم مەنزىلنى يۈرىدۇ ئىزدەپ
چۆلدىكى يوقالغان كارۋان ئىچىدە.
گۈلخاننىڭ ئىچىدە تىترەيمەن دىر - دىر،
ساقلايمەن ئىزىمنى بارخان ئىچىدە.

ئېسىلىپ ئۆلىمەن سۆيگۈ دارىغا
قۇش ئالتۇن قەپەسنى چاققان شۇ كۈنى.
كۈندۈزى بويىنۇمدا، كېچە ئويۇمدا
يارىمنىڭ ئىككى تال توم ئۆرۈم چېچى.

2001 - يىل سېنتەبىر، خوتەن

## بىر ئايال يۈرىكىمنى كەشتىلىدى

بىر ئايال يۈرىكىمنى كەشتىلىدى،
يۈرىكىم يىرتىلمىدى، قاناپ كەتتى.
ناخشىغا ئەگىشىپ چۆل ـ باياۋانلار
قەلەندەر خۇرجۇنىنى ماكان ئەتتى.
تاۋۇتنىڭ ئارقىسىدا بوران بالا،
تۇپراقنى تارتىۋالدى بىر تامچە قان.
تۇگىدى سۇدا توپان، ئوتتا دوزاخ،
ئەينەكتە ئاخىرلاشتى سۇنۇق ئاسمان.
كارىۋاتتا يالغۇز چۈشۈم مىياڭلايدۇ،
ئۆمرۈمدە دەۋران سۈرەر جىمجىت ئەجەل.
يارىمنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسەتمىدى،
كۆز يېشىم كوچىلاردا توۋلاپ غەزەل...
ئاي نۇرى مەڭگۈ سوغۇق، مەڭگۈ سوغۇق،
مۇھەببەت مەنىسى يوق بىر ئىبارە.
بىر ئايال يۈرىكىمنى كەشتىلىدى
يىرتىلدى قول ياغلىقى پارە ـ پارە.

2007 ـ يىل 25 ـ ئاپرېل، گۇما



## نېمىشقا؟...

(1)

نېمىشقا بېشىمدا ئەجەل سايىسى،
بىر نۆۋەت ئۆلۈشكە بولمايدۇ نېسىپ؟
نېمىشقا سۆيگۈگە تولغا يۈرىكىم
سىغىنىش ئىلكىدە كېتىدۇ سېسىپ؟
نېمىشقا تەشنالىق ھەسرەت ئىلكىدە
كۈتمەن پەرۋاسىز كەتكەن شامالنى؟
كۆتۈرۈپ يۈرىمەن نېچۈن بىر ئۆمۈر
قەلبىمدە تۈنجى رەت ئۆلگەن ئايالنى؟
نېمىشقا دۇنيادا پەقەت شۇ ناخشا
جېنىمنى ئالغۇچى جاللاتتۇر گويا؟
نېمىشقا
يېرىلغان تاملارغا كېلەر ھەۋىسىم،
يىرتىلغان كىيىمدىن ئالغاندەك لەززەت؟
سۇغا سۇ كىرگەندەك ئۈن ـ تىنسىز، ئاستا
تۈيدۇرماي، يوشۇرۇن سۆيىمەن پەقەت؟
نېمىشقا ھاياتنى سۆيۈپ جېنىدىن
ئۆلۈمدە ياشايدۇ پۈتكۈل ئەر كىشى؟
قۇياشنىڭ جەستىنى كېلىدۇ يۇدۇپ
قاپقارا تۈنلەرگە خەت يازغان كىشى؟
نېمىشقا؟!...

(2)

نېمشقا
ياشايمەن كۈندە ملڭ ئۆلۈپ تۇرۇپمۇ
يىغلايمەن قۇياشتەك كۈلۈپ تۇرۇپمۇ،
ھەسرەتلىك بوزلايمەن بەزى شامالدەك
ئۆزۈمنى تاپالمايمەن بەزى خيالدەك...
كىرلەشكەن قولياغلىق كەبى يۈرىكىم
قان يۇقى خياللار تۆكۈلەر تىم - تىم.
نېمشقا ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە
يالغۇزمەن جىنازىدەك كارىۋات ئۈستىدە؟
گۈللەرگە لىق تولغان سۆيگۈ تۈرمسى،
ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزىمەن تۈرمە ئىچىدە؟...
نېمشقا
بىر ئايال كوچىدا قىلىپ دىۋانە
بىر ئايال قىلىدۇ چۆلدە قەلەندەر؟
بىر ئايال قوينۇمدا قىلىدۇ نالە
تەڭلەپ تۇرۇپ كۆكسۈمگە خەنجەر؟
ئاسمان يۇلتۇزلىرى بىلەن بولسا مۇنەۋۋەر
سۆيگۈ دەردلىرىدە بولدۇم مەن پارلاق.
نېمشقا
مۇھەببەت مەنزىلى شۇ قەدەر يىراق؟!

2007 - يىل 5 - نويابىر، گۇما



# قەلبىمنىڭ ھېچكىم ئاياغ بېسىپ
# باقمىغان جايلىرىدا

قەلبىمنىڭ ھېچكىم ئاياغ بېسىپ باقمىغان جايلىرىدا
تېخى ئېچىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان سەبىي گۈللەر بار.
گۈللەرنىڭ شېخىدا سايرار قان قۇسۇپ
ئاشىقنىڭ يۈرىكىدەك گاچا بۇلبۇللار.
سۇنىڭ كۆيگىنىنى ھېچكىم كۆرمىگەن،
ھېچكىم ئاڭلىمىغان تاشنىڭ يىغلىغىنىنى؛
قەلبىمدىكى دەريالار كۆيەر دوزاختەك
يار دەپ پەرياد چېكەر باغرىمدىكى تاش...

بىر كىم تۈن نىسپىدە ئىشىكىمنى چەكتى
بىر كىم زۇلمىتىمگە كىردى پىلىك ئۇشلاپ.
ئىلاھا، ئىشىكىڭنى ئاچ، ئىشىكىڭنى ئاچ
بىر كىم كۆڭلۈمگە كىردى مۇھەببەتنى باشلاپ.
ئۆلۈكلەر ياقا يىرتقانىنى ھېچكىم كۆرمىگەن،
ھېچكىم كۆرمىگەن قەبرىلەرنىڭ تۇپراقنى تاشلاپ قاچقىنىنى،
ئىلاھا، ئىشىكىڭنى ئاچ، ئىشىكىڭنى ئاچ
پاناھىڭغا ئال بىر تال جېنى بار ئاجىز بەندەڭنى...

قەلبىمنىڭ ھېچكىم ئاياغ بېسىپ باقمىغان جايلىرىدا
تۆت تېمى ۋە ئۆگزىسى يوق بىر ئۆي بار
ئۆيدە تەڭداشسىز ساھىبجامال بىر قىز بار
ئۆينىڭ ئىشىكىگە يۈرىكىم قۇلۇپ قىلىپ ئېسىلغان
قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى يوقالغان...

ئاچقۇچنى ئىزدەپ يۈرىمەن يالغۇز
قەلبىمنىڭ ھېچكىم ئاياغ بېسىپ باقمىغان جايلىرىدا

2007 ـ يىلى 9 ـ نويابىر، گوما



# جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز

لەرزان قار ئۇچقۇنلىرى چۈشەر ئاسماندىن
سىغىنىش چېچەكلىرى تۆكۈلدى جاندىن.
سېنى ئىزدىدىم ئىپار بويلۇقۇم
بېشىمدىن تاپىنىمغىچە چۆل ـ باياۋاندىن...

بېشىمغا دەسسىدى ئېگىز بىنا،
تاڭدىم يۈرىكىمگە زىمىستاننى.
ئۆلۈكلەر تۇپراقنى تاشلاپ قاچتى زار ـ زار
ھىجران ياپتى يەرگە قاپقارا ئاسماننى.
قۇشتەك سايرىغان ئاۋازىڭ كەلدى
گۈل ـ چېچەكلەرگە توشقۇزۇپ قەلبىمدىكى زىنداننى.
ئاھ! دەپ زۇۋانغا كىردى باغرىمدىكى تاش
چاچتىم كىرپىكلىرىمگە تىزغان مارجاننى...
خوتەن دەشتىدە مەن ئاچ ـ يالىڭاچ
لەۋ سوزدۇم قۇرۇپ كەتتى يۈرۈڭقاش.
كوچا ئەرۋاھلىرىدەك ئورۇق ۋە ئېگىز
جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز،
رەستىگە تۆكۈرىۋاتقان دېرىزىلەردەك
كۆكسۈمدە سەن قولياغلىققا ئوراپ بەرگەن قىپقىزىل يۈرەك...
قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى نېچۈن بۇ پەلەك
توشقان، ئەبەدىي تاشمايدىغان پەيماننى؟!

2007 ـ يىل 10 ـ دېكابىر، خوتەن

## ئوتتۇز بەش يىل مەن سولانغان تۈرمىدە
## (35 ـ ھايات ناخشىسى)

ئوتتۇز بەش يىل مەن سولانغا تۈرمنى
چىقىپ كەتتى يارىم ماڭا تولدۇرۇپ.
قالدىم يەنە ئويلاپ: نىمە گۇناھىم؟
سوراقچىنى كۈتۈپ تەنھا ئاھ ئۇرۇپ.
ياكى ۋىسال شۇنداق ئوسال ئەرمىدۇ
ئاياللارنىڭ يىرتىقىدىن مارىغان؟
ياكى ھايات قەبرە ئۈنمەس يەرمىدۇ
ماڭا ئۆلۈك كۆزلىرىدە قارىغان؟...
ئاتلار كىشنەپ سۆڭگىكىمنى ئاقارتتى
خوراز چىللاپ كىرپىكىمنى قايرىدى.
ئىكەن يۇلتۇز ئىتلار بىلەن بىر تۇغقان،
ياۋۇز ئىشق مىنى مەندىن ئايرىدى.
يار لىۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ يىغلىدىم،
ۋۇجۇدۇمدا سانسىز كاككۇك سايرىدى.
ئىبتىقىن دۇتار بارمىقىمنى توختىتىپ،
قاچان مىنىڭ مىسكىن كۆڭلۈم يايرىدى؟...
قۇياش كەتتى، ئايمۇ يورۇق بەرمىدى
ئوتتۇز بەش يىل مەن سولانغان تۈرمىدە.
مىنىڭ مەندە، ئاھ، ھىچنەرسەم قالمىدى
ھايات تۇرۇپ مەن بولاندىم قەبرىدە.
كىتابلاردا دائىم ئىسمىم يىغلايدۇ،



ئاۋازىمنى ئىزدەپ يۈرەر بورانلار.
ئۈتتىن چىقىپ سۈغا كىردىم سۆيگۈ دەپ،
يوق ئىدىمەن، يوق بولىمەن يارانلار.
ھەممە يەردە ئۆلۈم ياپپاش، نەۋقىران،
ئەمەس ياشاش ھېچكىشىگە ئىختىيار.
ھەممە يەرگە سۆيگۈ تەنھا ھۆكۈمران،
قۇلاق سالساڭ ئاڭلىنىدۇ نالە ـ زار...
پەقەتلا شۇ مەن سولانغان تۈرمىدە
تاسادىپىي مەن بار ھەم يوق، ياپىرىم!...
سوراقچىنى كۈتۈپ تەنھا ئاھ ئۇرۇپ
ئولتۇرىمەن بىلمەي نىمە گۇناھىم!

2007 ـ يىل 17 ـ دېكابىر، خوتەن

## پەرھاد

پەرھاد شىرىننى دەپ خوتەندىن كەتتى
نىتەي، ئىشق ماجراسىدا ۋەتەننى تەرك ئەتتى.
سەلتەنەت، خانىدانلىق بىر ئايال ئالدىدا ئەرزىمەس بولدى
ئوت كەتتى، ئەيىۇھاننناس! كۆڭۈل ئايۋانىغا ئوت كەتتى...

ئەلەم تۈگمىندە پۇشايمان ئۈنچىلىرىنى تارتىپ تۈگمەنچى
قوشاق ئېيتار: جۇنۇن چۆللىرىدە لاماكان پەرھاد.
سۇبھى، شامدا يۇلتۇزى جۇل - جۇل قەلەندەر،
ئەركى ھەۋەس زىندانىدا شاھى جاھان پەرھاد.
نە ھەيران قالغۇلۇق تاشقا جان بەرسە،
ئۆزىدە ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان پەرھاد.
ۋىسال قەرز ھۆججىتى، ھىجران يىرتىلغان ئىشتان،
مۇھەببەت ھېچكىم ئۆتەلمەيدىغان ئىمتىھان، پەرھاد.
سىنى ئىمتىھاندىن ئۆتتى دەر ئالەم،
مۇھەببەت ياكى سەن دەرگۇمان پەرھاد.
...
ئەنە ئوغرىلارنىڭ كۆڭلىدەك قارا
ئەنە، قاتىللارنىڭ قولىدەك قىزىل...
ئىمارەتلەر ئېگىز ۋە يالغان،
ئۆتەر گۈللەرنى باستۇرۇپ ماشىنا رەزىل.
شىرىن ھەر جاندا بار، بىر تەندە توق،
قاراڭغۇ كېچىلەردە تام تېشەر پەرىشان پەرھاد.
پۇچۇق ئاي چاچلىرىنى تارايدۇ



ئەينەكتە يارنىڭ سىياقى جىمىرلايدۇ.
يالىڭاچ، يالىڭاچلىقى جاننى قىينايدۇ،
جاندا شەھۋەت قۇرتلىرى قىمىرلايدۇ.
ياپىر، خىلۋەت قالمىدى مۇھەببەتكە،
ئاھ چېكەر چۇۋۇق كەپىسدە باغرى قان پەرھاد.

خوتەن دەشتىدە مەن ئەلمىساقتىن بار ئىدىم،
نېچۈن نەۋايى ھەزرىتىمدىن سوراپ باقمىدىم؟
ئاشىق ـ مەشۇقلار يەتسە مۇرادقا
توقۇلماسمىدى ئۇلۇغ داستانلار؟
بەش يۈز يىل بولدى ئىشق بېسىلمىدى
ئاشىققا قەلەندەرلىكتىن ئۆزگە يول ئېچىلمىدى.
ئۆلدى، ئۆلۈكى ئىتلارغا بولدى تاماشا،
يىغلىدى، دەردكە داۋا تېپىلمىدى.
ئەنە قەشقەر، كۇچا، يەكەن، خوتەندە
ئاقسۇ، ئىلى... كۇللى ۋەتەندە
يارسىز، دىلدارسىز ياقا يىرتىپ چېكىپ پەرياد
تۈنەر مەيخانىلاردا مىڭلىغان پەرھاد...

2007 ـ يىل 24 ـ دېكابىر، خوتەن

## كۆڭلۈم

گۈلزاردا كېپىنەك، سەيلانە كۆڭلۈم،
بۇلبۇلى غەزەلخان، مەستانە كۆڭلۈم.
ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا دېدى،
يارغا ياماشتى مەردانە كۆڭلۈم.

بىر جاننىڭ ئىچىدە مىڭ جان بار دېدى،
ھەر جاننىڭ ئىچىدە زىندان بار دېدى.
زىنداننىڭ ئىچىدە جانان بار دېدى،
ئىشققا قۇل بولۇپ بىچارە كۆڭلۈم.

كۆزلەر ئاھۇسىغا چۆكتۈردى زۇلمەت،
كىرپىكلەر جادۇسى چاندى دەھشەت،
چاچلارنىڭ دارىغا ئېسىلدى رەت ـ رەت،
ئۆلۈكى ئىتلارغا سازايى كۆڭلۈم.

رەستىگە چىقسا گەر بولدى ئەل قاچ ـ قاچ،
چۈنكى ئۇ كىيىمسىز ئىدى ـ يالىڭاچ.
جەندەيۇ كۇلاھنى كىيدى نائىلاج
ئاشىقى قەلەندەر، دىۋانە كۆڭلۈم.

تاش كىردى زۇۋانىغا، سايدا مۇساپىر،
ئايلاندى تاشقا ھەم بىر يالغۇز شائىر،
تاشنىڭ ھەمراھى يالغۇزلۇق ئاخىر...
يالغۇزلۇق ئىچىدە نۇرانە كۆڭلۈم.

2007 ـ يىل 25 ـ دېكابىر، خوتەن



# تۈن يېرىم

ئىچىمدىكى ئاۋاز
ئوخشايدۇ كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىغا.
...
بالا
ئانىسى بىلەن بازارغا بېرىپ
ئانىسىنى قويدى يوقىتىپ.
سانسىز ناتونۇش ئادەملەر ئىچىدە
ئېسىلدۇ كىمنىڭ پېشىگە.
دانە ـ دانە مارجان يېشىنى
تۆكىدۇ كىمنىڭ ئېتىكىگە؟...

نىتەي،
دۇنيا كۆز يېشىنى تونۇمايدۇ
تاڭلار ئەمالار ئۇچۇن يورۇمايدۇ.
بالا
ئىشىك چېكىپ قىلدى خاتا.
ھاياتتا بىرلا ئىشىك بار،
ئىككىنچى ئىشىك يوق، ئېچىلمايدۇ.

بالا
قۇياشقا قول سوزۇپ قىلدى خاتا.
كۆيۈپ كۆسەيگە ئايلانغان
قۇياشقا سوزۇلغان ساناقسىز قوللار.

بالا
«يېرىل تېشىم» دەپ قىلدى خاتا.
سايدا بىرمۇ بىكار تاش قالمىغان،
ھەر بىر تاشنىڭ ئىچىدە
باردۇر بىردىن يېتىم بالا...

تۇن يېرىم،
ئىچىمدىكى ئاۋاز توختىمايدۇ
بالا تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمايدۇ.

2008 ـ يىل 18 ـ يانۋار، خوتەن





## جان سەنىمى

.......
مەن ئۇ چاغدا تەمسىللەر ئىچىدە ئېزىقىپ يۈرەتتىم
لوگىكىدىكى چىقىش ئېغىزىنى ئىزدەۋاتاتتىم.
سانسىزلىغان سۆز جەسەتلىرى ئارىسىدا
گىراماتىكىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىنىمۇ بىلمەيتتىم.
يۇلتۇزلار تاماكامغا ئوت يېقىۋاتاتتى
ئاي پىيالەمگە چاي قۇيۇۋاتاتتى
كېچە ئۇستۇمگە قاپقارا پەرىجىسىنى يېپىنچاقلىتىپ قويغان.
شېئىر يېزىۋاتاتتىم...
ئىشىكنى ئېچىڭلار! دېدى
غىچىرلاپ ئېچىلدى بىر كونا ئىشىك؛
جان ئايۋىنىدا ئوقلار دۇتار چالاتتى
نان ئاچلىقتىن ئىڭراۋاتاتتى
قان ياتقان يېرىگە سىيىۋاتاتتى
تۇز هاياتنىڭ تەمنى تېتىيالماي ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى
......
ئۇسسۇل ئويناڭلار! دېدى،
پۇتلار تاقلاپ، قوللار شاخلاپ، غۇلاچلاپ
بۇزۇۋەتتى تەنلەردىكى قىرغاقنى.
سۆڭەكلەر يىغلايتتى
كۆتۈرۈۋېلىپ قەبرىلەردىن ئوغرىلاپ چىققان چىراغنى.
چۈشۈمدىكى قاراقچىلار توۋلاپ يۈرەتتى
تەڭلەپ دېرىزىلەرگە مۈڭگۈز دەستىلىك پىچاقنى...

ئون سەككىز تال قوۋۇرغام
ئالتۇن شوتا ئىدى مۇقامغا.
ئىككى يۈز ئوتتۇز ئالتە تال ئۇستىخىنىم
سانجىلىپ تۇراتتى زۇلمەتلىك تامغا.
ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم
ئىشتان بېغىمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى.
ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم
بۇرۇتۇمنىڭ پاخپىيىپ تۇرغان ھەيۋىسىنى.
مەيدە تۈكلىرىمنى ئورۇۋاتقان ھىلال ئاي
قۇلىقىمغا قونۇۋېلىپ چىللاۋاتقان قەدىمكى خوراز
كىرپىكىمدىن تۆگە يېتىلەپ ئۆتۈۋاتقان كارۋانلار
جىنلىرى قېچىپ كېتىپ يالغۇز قالغان دۇمچەك جىگدىلەر
ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالغان سالۋا تەلپەكلىك ئېتىزلار
تەكچىدە تور توقۇۋاتقان كونا كىتابلار
قىرىق كېچە ـ كۈندۈزگىچە يىرتىلمىغان قىزلار
ئوينايتتى ئۇسسۇل
ئۆرگىلىپ، چۆرگىلىپ، يىرتىلىپ جۇل ـ جۇل...

مەن ئۇ چاغدا شېئىر يېزىۋاتاتتىم.

2008 ـ يىل 30 ـ يانۋار، خوتەن



# زەپ چىرايلىق كەلدى باھار

تاللار نازۇك چوكان بولدى
قارلىغاچلار پوكان بولدى.
يىگىتلەر شاش، ئايغى تاش
بېشى ئېگىز ئاسمان بولدى.
قىزلار شامال، تۆكلۈك خىيال...
باغرى ئىسسىق ئايۋان بولدى.
كېلىپ كەتتى خۇش مۇبارەك
ئاي ۋە قۇياش كارۋان بولدى.

دەل ـ دەرەخلەر ئاستى چېچەك
كوچىلاردا كۆلدى تېزەك.
سۇلار ئاقتى سۇغا قاراپ
گۈللەر خۇشال ئىچتى شاراپ.
ئاستى تۇپراق، ئۈستى ئاسمان
بېشى قايغان، پۇتى تايغان
ئۇزاق قىشتا ئۇخلاپ ھارغان
قۇرت ـ قوڭغۇزلار خۇش ـ شادىمان
مۇھەببەتكە راۋان بولدى.

جاننى قانغا پۇچىلىدى
توپىلاردا يۇمۇلىدى،
تەندە تىترەك نازۇك، يېشىل
جاندا چېچەك چوغدەك قىزىل،

گۈل ھارۋىسى بوستان كىرپىك
ئۈتتەك خۇشال، سۇدەك سۈزۈك،
دىلدا تىۋىش، ئوغرى خىيال
ئالەم گويا تونۇش ئايال…
كۆڭۈللەرگە مېھمان بولدى.

تاغنى ئېگىز قىلىپ ئاندىن
تاشنى ئەزىز قىلغان كىمكىن؟
جان رىشتىدىن تارنى ئېشىپ
نالە ـ مۇقام چالغان كىمكىن؟
بىر كىشىدە مىڭ كىشى بار، مىڭ كىشىدە بىر كىشى يوق،
ھەسرىتى بار مىڭ كىشىنىڭ، ھېچكىشىنىڭ كۆز يېشى يوق…
كېچىلەردە ناخشا ئېيتىپ
ئۆتۈپ كەتكەن كارۋان كىمكىن؟
بىرسى كەتسە بىرسى كېلەر
راستى كىمكىن، يالغان كىمكىن؟!…
كۆڭلۈم مېنىڭ ھەيران بولدى.

2008 ـ يىل 18 ـ فېۋرال، خوتەن



## قاشتېشى بازىرى

بىر تاشنىڭ سالۋا تەلپىكى
بىر تاشنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكى
بىر تاشنىڭ ئېچىلىپ قالغان تۈكلۈك مەيدىسى
بىر تاشنىڭ
قىلىچ ئوينىتىپ تۇرغان سۈزۈك ھەيۋىسى...
مېنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى

مۆكىدىشىپ ئولتۇرار ئىككى تاش
ئىككىلىسى قەلەمقاش

بىر تاش ناتونۇش ھايۋان
بىر تاش مۇساپىر ھەيكەل سىياقىغا كىرىۋالغان.
بىر تاش
خوتەن شېۋىسىدە گېپىنى ئۇقتۇرالماي ئۇلارغا
غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇۋالغان.
خىيال سۈرۈۋاتقان بىر تاش
كۆزلىرىدە لىق ياش...

بىر تاش دىققىتىمنى تارتتى،
سوزۇلۇپ ئوڭدا ياتاتتى.
يالىڭاچ، يالىڭاچ...
يالىڭاچلىقى جانغا پاتاتتى.
سۇ، سۇ...
سۈزۈكلىكى بىردەم توختىمايتتى.

نازۇك يېرى چۆچۈرىدەك تولگولۇپ
بىر قىزغا ئۆزگىرىپ
بىر قارىسام كۈلەتتى
بىر قارىسام يىغلايتتى.
ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئەقلىمدىن ئېزىپ
شېئىرغا كىرىپ
ئىزدەۋاتقان مەشۇقۇمغا بەكمۇ ئوخشايتتى.

دېدى ئۇ: ئەي تاش
نېچۈن كۆزۈڭ ياش؟
مۇھەببەتنىڭ باھاسى يوق
بىر پۇلغا يارىمايدۇ.
ئۆزى كېلىدۇ،
ئىزدىسەڭ تېپىلمايدۇ.
قاشتېشى تاش ئەمەس
سۆزۈك ھەۋەس.
ئۆزۈمنى ساتىمەن
كۆڭلۈمنى ئەمەس...

دېدىم: سۇ
كۆڭۈل شۇ.
تاش ھەققىدە قوشاق قاتتىم،
تاشنىڭ ئىشكىنى ئاچالمىدىم.
دەريا بويىغا باردىم تالاي
لېكىن سېنى تاپالمىدىم.
نىھايەت
يوقالغاندا ئۆلۈمدىن ھېكمەت
ياشاشمۇ بىر جىنايەت.
سۇغۇرۇلغاندا يۈرەكتىن خەنجەر
سۆيۈشمۇ بىر خىيانەت...



**ئەمدى يەنە قوشاق قېتىپ نېمە قىلاي**
**مەنمۇ ئۆزۈمنى ساتاي**
**ئۆزۈمنى ساتاي!**
**ئۆزۈمنى... ساتىمەن...**
**بازاردىكى تاشلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى**
**كىمدۇ بىرى قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ ئۆتۈپ كەتتى؛**
**ھەي ساراڭ تاش،**
**بۇ بازاردا**
**قاپاق ئەمەس، باراڭ تاش!**

2008 ـ يىل 27 ـ فېۋرال، خوتەن

## غوجىمۇھەممەد

ئادەم بولۇپ يارالغاچقىلا
ياشاپ كەلدى ئادەملەر ئارا.
سۆيگۈ ئۈچۈن توقۇدى داستان
باھار رەڭلىك جىنازىسىدا.

شائىر بولۇپ يارالغاچقىلا
شېئىر يازدى ئۆلۈپ ئولتۇرۇپ.
چىڭ قۇچاقلاپ جەسىتىنى، ئاھ،
يىغلىدى ئۇ كۈلۈپ ئولتۇرۇپ.

ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەي
دەرۋازىسى چېقىۋېتىلدى.
ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمە يېمەي
پۇت - قوللىرى كېسىۋېتىلدى.
ھارۋىكەشنىڭ سۇمبۇل قامچىسى
قامچىلىدى تارام، ئاھ، تارام.
كېپىنەكنىڭ گۈزەل ئۆلۈمى
ھاياتىنى قاپلىدى تامام.
موزاي كىرپىك، تەخەي سۇباتلىق
چۈمۈلە بەل، چېۋىن قاناتلىق
ئۆمۈچۈك قىز كىردى ئۇياتلىق
چۈشلىرىنى قىلدى سەرگەردان...

ئۇ ئۆيىدىن ھېچيەرگە بارماي
قۇرۇپ كەتتى چۆلنىڭ بايانى.
كېزىپ چىقتى ئۆزىنى ھارماي



كۆرۈنمىدى لېكىن پايانى.
تاغلار ئۈنلۈك كىردى قەددىگە،
كىرپىكىگە قوندى باياۋان.
قەلەندەرلەر ساپايە چالدى
ئىشكىدە زارۇ ـ زار، ۋەيران.
مەڭگۈ كىيىم كىيمەيدىغان گۈل
مەڭگۈ كىيىم سالمايدىغان قىز
مەڭگۈ ئۆلۈپ كەتمەيدىغان ئاي
مەڭگۈ ئۆچۈپ كەتمەيدىغان ئىز...
ئۈنى يالاپ ئاپاردى بۈگۈن
قەلبىدىكى دارنىڭ ئالدىغا.
سۆندۈرۈپ دار تۈۋرۈكلىرىنى
يۈگۈردى ئۇ يارنىڭ ئالدىغا.
يار ئۆلدى!
توۋلىدى، ئاھ، ھەسرەتلىك بىر كۈي،
يىقىلدى ئۇ تارنىڭ ئالدىغا...

ئۇ بىر ئەبلەخ، بىلمەس ياشاشنى،
ئوتتۇز يىلدا ئۆگەندى ئاران
ئىچ ـ ئىچىدىن مۇڭلۇق يىغلاشنى.

ئۇ بىر ئەبلەخ، بىلمەس سۆيۈشنى،
ئوتتۇز يىلدا ئۆگەندى ئاران
سۆيگۈ ئۈچۈن قانداق ئۆلۈشنى.

ئۇ بىر ئەبلەخ، بىلمەس كۆڭۈلنى،
ئوتتۇز يىلدا ئۆگەندى ئاران
تەسۋىرلەشنى تۇزۇغان گۈلنى.

ئۇ بىر ئەبلەخ!...

2008 ـ يىل 5 ـ مارت، خوتەن

## مەن بۈگۈن سۆزلەرنى نورۇزغا بەردىم

مەن بۈگۈن سۆزلەرنى نورۇزغا بەردىم،
كۆكەرگەن دالىغا ئىشقىمنى تەردىم.
ئېيتمايمەن تاغلارنىڭ بېشىغا دەسسەپ:
ئاسماننى يەلكەمدە كۆتۈرگەن ئەردىم.

قۇتۇلغان قايسى سۆز مەندىن يىغلىماي،
قۇتۇلدۇم شېئىردىن قاچان تۇتۇلماي؟
چىن پۈتتۈم، ئىچىمدە كىشەن ـ زەنجىرلەر،
ئىچىمدە ئىكەن ھەم جىنازام، ئاي ـ ھاي!

چېچىمنى ئۇينىۋال شامال قەلەندەر،
يۈزۈمنى سىلىۋال مۇلايىم ھاۋا.
تېشىمغا چىقتىم مەن (ئىچىمدە ئىدىم)،
ئۆزۈمنى تۇپراققا چاچتىم، ئىلاھا!

بىر قۇرتتەك، قوڭغۇزدەك ئەركىن، شادىمان
ھاياتنىڭ رەھمىتى ھۆل قىلدى مېنى.
مۇھەببەت يۈكنى يۈدۈپ بۇ كۆڭلۈم
كۆردۈڭمۇ، كىملەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى؟

سەبىي ھەم بەڭباش بىر بالىمەن بۈگۈن،
قوغلىشىپ ئوينايمەن خەلقىم بىلەن مەن.
كەچ بولسا يەنە بىر كارىۋاتتا بىللە
چىرمىشىپ ئۇخلايمەن خەلقىم بىلەن مەن.



**باغلاردىن بويىنىنى سوزغان باھارنى**
**بارىمەن يېتىلەپ ئالدىڭغا سېنىڭ.**
**مەن بۈگۈن سۆزلەرنى بىر ساڭا بەردىم**
**ئەي نورۇز مەن سېنىڭ، بول سەنمۇ مېنىڭ!**

2008 ـ يىل 17 ـ مارت، خوتەن

## سالام، قوشتاغ!

سالام، قوشتاغ!
...
لۈكچەك كوچا، مەيدە تۈكى قىرقىلغان،
قىيپاش ئاسمان، بۇلۇتلىرى ئېگىز - پەس.
ئېتىزدىكى هويلىلار
ساپان سۆرەپ هارغان قېرى دەم - نەپەس.
تۇغۇلمىغان باللارنىڭ يىغىسى
يەر ئاستىدا دۈپۈرلىگەن ئات، ئېشەك
ئۆلۈۋاتقان كۆزلەردىكى ئوت - هەۋەس...

سالام، قوشتاغ
ئۆستەڭلەرنىڭ قانات قېقىشى
تىرەكلەرنىڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشى.
قۇلىقى گاس، تىلى گاچا، كۆزى كور
بىر يۈرەكنىڭ بىر يۈرەككە يېقىن كېلىشى.
توپا چىراي خاقانلارنىڭ ئېشەك هارۋىسى
زاراتگاهلىق، خانىقانىڭ ئارقا هويلىسى.
ئىككى يىگىت مۇشتلىشىۋاتقان، ئاغزى - بۇرنى قان
قان ئىچىدە
بىر قىزچاقنىڭ جۇلالانغان ئەتلەس كۆڭلىكى...

مەن كەلدىم
باهار بىلەن كۆكلىگەندە جاراهەت.
كونا تامنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرغان ئاپتاپ



جۇۋىسىنى قاققان چاغدا تۆكۈلگەن پىتلار
يېرىلغاندا مەيدىسىنى قۇياشقا قاقلاپ.
مەن كەلدىم
ئۆلۈكۈمنى ئۆشنەمگە ئارتىپ
سەندە مېنىڭ گۆرۈم ئاخىرى.
قوبۇل ئەتكىن كۆڭلۈمنى
سەندە بۇزۇق چۈشلىرىمنىڭ تەبىرى.
ئاسمان بىردەم تۇتۇلسىمۇ بىر دەم بار
زېمىن بىر دەم قانات قاقار بىر دەم تار.
قورقۇنچلۇق ئەمەس ئۆلۈم چىن بولسا،
يىگىت ئاشىق بولمىغۇچە بولماس خار.
جىنازىسى ھەركىم ئۈچۈن مېھرىبان،
يۈرىكىگە ئىتنى باغلاپ ئۇخلىغان.
ئېشەك ھاڭراپ، بۇقا ئازناپ كۈيلىگەن،
تېكىلەرنىڭ سەۋداسى ھەم توختىغان.
ناخشا ئېيتىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئەتكەن
قارا كىگىز ئۇستىدىكى ئاق جۇۋان.
قارا دېھقان، ساقاللىرى چېچىلىپ
تەن ئىچىدە جاننى مەھكەم ساقلىغان...

سالام، قوشتاغ
نە چارە بار قەلەندەرگە ئىشىك چەكمەكتىن،
جىنازامنى ئۆزۈم يالغۇز كۆتۈرەلمىدىم.
ھايات تۇرۇپ مەن بۇلاندىم قەبرىدە،
ئۆلمەي تۇرۇپ مەن ياشاشنى ئۆگىنەلمىدىم.
ئالغىن مېنى قوينۇڭغا
مىندۇر مېنى بوينۇڭغا
سەندە قالغان باللىقتىن ۋاز كېچەلمىدىم.

2008 ـ يىل 22 ـ مارت، گوما ـ قوشتاغ

## تۈن شاملى

1

تۈن شاملى
ئېلىپ كەلدى چىرقىراشلارنى
خىرە ھۇجىرىلاردىكى پىنھان لەززەتنى.
ياپراقلار شىلدىرلاپ
بايان قىلدى
خاتىرجەملىك ئىچىدىكى مۇھەببەتنى...
نىتەي
مۇھەببەتتە خاتىرجەملىك بولسا
خاتىرجەملىكتە مۇھەببەت بولسا
ئىشەنمەيمەن
شەھەرلەردىكى بىر - بىرىدىن ئېگىز ئىمارەتلەرگە
قاتىللارنىڭ پىچاق تۇتقان قولىدىكى سەممىيەتكە
ئوغرىلارنىڭ قەلبىدىكى ھەق - ئادالەتكە.
ئىشەنمەيمەن
سانسىز ئىراقلىقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە، ئۆي - ماكانسىز قېلىشىغا
ئامېرىكا ئوق، بومبا ئارقىلىق ياراتقان ھەققانىيەتكە...
ئىشەنمەيمەن
ئۇرۇش
قوزغىتىلمايدۇ، ئۆزى قوزغىلىدۇ
ئاسماننى ئۆرە قىلىدۇ، يەرنى يىقىتىدۇ.
بارچە رەزىللىكنىڭ ئۇۋىسى - قەلب
بارچە ئۇرۇشلارنىڭ سەۋەبچىسى - مۇھەببەت،



مۇھەببەت ئاخىر
بۇ دۇنيانى ۋەيران قىلدۇ.

مۇھەببەت ـ
تەڭرىنىڭ ئادەملەرگە بەرگەن جازاسى.

2

تۇرمۇش تەجرىبىخانا ئەمەس
ياشاش تەجرىبە ئەمەس
ئادەم تەجرىبە بۇيۇمى ئەمەس
... ئەمەس
... ئەمەس...
ئۇ
قۇياشنى
شەرقتىن غەربكە ئۈزىتىپ قويۇش.
گۆر ئالدىدا
ئۆزى نەپرەتلەنگەن دۇنياغا قىيماي ئاھ ئۇرۇش.

تۇرمۇش شېئىرغا ئوخشىمايدۇ
تەقلىد قىلغىلى بولمايدۇ.
كىيىمنى سىلىۋەتكەن ئايالنىڭ
قىيالىغاچ بولۇشى ناتايىن.
ئۆلۈش شېئىر يېزىشتىن ئاسان
ياشاش شېئىر يېزىشتىنمۇ قىيىن.
لېكىن
شېئىر گۈزەل بولۇشى كېرەك
كىشلەرگە خاتىرجەملىك ۋە مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك!
...
ھايات شائىرنى ئۇرمىسا
دۇنيا شائىرنى تىللىمىسا

نان ئاچ قويمىسا
كىيىم يالىڭاچ قويمىسا
شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
بەلكىم
ناتايىن...

2008 ـ يىل 26 ـ مارت، خوتەن





# مىنىڭ بايانىم

1

بىر تاشنىڭ بىر تاشقا پۈتمەس قەرزى بار،
يوللار بار يوللاردىن سوزۇلغان ئۇزاق.
قىلغىلى ئىشى يوق، هالىدىن كەتكەن،
دەردىم بار ئاسمانغا بولغۇدەك ياماق.
قىرقىلسا يېزىنىڭ مەيدە تۈكلىرى،
قۇياشمۇ ئۆزىنى ساتمىدى ئەرزان.
كونا تام تۆشۈكى يىغلاپ تۇرسىمۇ
قۇشقاچلار كېتىدۇ قىش كەلسە هامان.
قارىغۇ يۇلتۇزنىڭ يېشىنى ئىچىپ
يالغۇز يىغلىدىم گۈلنىڭ شېخىدا.
قارغىدى ئىزىمنى جىنكەش تېرەكلەر،
ئىشتىنىم يوقالدى يارنىڭ بېغىدا.
قەلەندەر بولمىسا دۇتار بىلەن داپ
نان تىلەپ يۈرمەيتتى كوچىدا ناخشام.
پېشايۋان ئۆرۈلدى كۆڭلۈمگە دەهشەت
قارلىغاچ قانىتى قايرىلغان ئاخشام.
ئاتامنىڭ قەبرىسى كىشىندى ئاتتەك،
ئىكەن ئۇ ئۆزۈمنىڭ يۈرىكى ئەسلى.
ئاه، بۈگۈن جىنازا ياسايدىغان كۈن،
جەسەتتەك قورقۇنچاق ئەمەس هېچكىشى.
يۇملاق تۈگۈلۈكلەر كەتكەن پىت بېسىپ،

ئېگىلەر ھەممىگە مايماق سۆگەتلەر.
ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغان ئېتىزلار،
ئېتىزنى قوغدايدۇ ھاڭگا تېرەكلەر.
ئوتى يوق ئوچاققا ئىشقىنى كۆمۈپ
ئېتىلىپ بولغاندۇ ئۇ قىز بۇ چاغقا.
قاپقارا بىر قاغا تۇراتتى سايراپ
باستۇرۇپ كىرگەندە جىگدىلىك باغقا...
ئەي دوستۇم، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى ناخشام،
مەن بەلكىم تاڭغىچە ئۆلۈپ كېتىمەن.
بۇ كېچە ئۆتسىلا قۇياش چىقىدۇ،
مەن شۇنداق ئۈمىدكە تولغان بالىمەن.

2

يۇرسەم مەن ساناقسىز ئادەملەر ئارا
چوقۇمكى ھېچكىشى ئەمەستۇر يالغان.
پەقەتلا بۇ مېنىڭ يالغانچىلىقىم
يالغۇزلۇق ئىچىدە يۇرگىنىم ھامان.
تاملارغا چاپلانغان كوچا ئېلانى
بىر يىرتىق تەقدىردىن بېرەر بېشارەت.
ئىسمىمنى چاقىرسا بولاتتىم سۇلتان،
قەلبىمدىن قىزلارغا ياغار ئۆچ ـ نەپرەت.
ئەڭ ئېگىز بىر بىنا مەندىنمۇ ئېگىز،
ئەينەكلەر چېقىلار خۇشاللىق بىلەن.
يەنە بىر تاڭ ئاتسا... لېكىن بەربىر
ئۇچرىشار يەنە شۇ قۇياش مەن بىلەن.
كۆڭلۈمدە بىرمۇ بوش ياتاقخانا يوق،
سەللىسى چۇۋۇلغان يالغۇز مەن ئەمەس.
ئېزىقنان ئايالالار يۆلىنۋالىدۇ
مەن دائىم شېئىر ئوقۇپ بولسام غەرق مەست.



بېكەتتە ئەڭ كۆپتۇر ناتونۇش ئادەم،
ماشىنا كېلىدۇ، كېتىدۇ يەنە.
كىم بىلەر يۇرەككە باغلانغان ئىتنى،
سۆيگۈدىن تەڭداشسىز سىزىپ ۋەھىمە.
ئاھ، مېنىڭ ئاخىرقى بىر تامچە يېشىم،
ئاخىرقى كۈنلەرگە ساقلىدىم ھامان.
لېكىن مەن يىغلاشقا ئامراق شۇ قەدەر،
يېشىمنى قۇچاقلاپ نالە قىلار جان.
خوش ئەمدى، قاراڭغۇ ئۆيۈمگە كەتتىم،
قۇياشقا ئېيتقۇدەك گېپىم قالمىدى.
ئىزدەيمەن شېئىرغا كىرىپ ئەمدى مەن
يارىمىنىڭ يوقالغان ئىشتان بېغىنى.

2008 ـ يىل 9 ـ مارت، خوتەن

# گۆدەكلىكىم...

مەن تىز پۈكمەس ھەربىي بولاتتىم
ئوينىغاندا دائىم چالما جەڭ.
مەن ئۆلمەيتتىم ئون پاي ئوقتىمۇ
بىر ئوقتىلا ئۆلەتتى دۈشمەن.

قايتقان چاغدا قويۇمنى ھەيدەپ
بۇلۇتلارنى ھاپاش ئېتەتتىم.
ئايدىن سوراپ جان ئانامغا مەن
بىر تال يۇلتۇز ئالغاچ كېتەتتىم.

ئاچ قويمايتتى قۇشلارنى ھەرگىز
ئېتىزلارنىڭ سالۋا تەلپىكى.
چاقىراتتى ئىسمىمنى مېنىڭ
كونا تامنىڭ ئوماق تۆشۈكى.

دەريالاردىن سۇ ئوغرىلايتتىم،
مېنىڭ دەيتتىم سايدىكى تاشنى.
ئېلىپ قاچقۇم كېلەتتى بەزەن
ئاسماندىكى نۇرلۇق قۇياشنى.

چۇرقىرىشىپ ماڭسا مەكتەپكە
تېزەك تېرىپ كەپسىز باللار،
قالاتتى، ئېھ، پۇلاڭلىتىپ قول
ئېگىز تاغلار، چەكسىز داللار.



يالاڭ ئاياغ دەرۋىشتەك قۇملار
خۇرجۇننى ئاسسا توغراققا،
تاڭ ئاتقۇچە يىغلايتتى دەريا
ياغلىقنى يېيىپ قىرغاققا.

مايماق سۆگەت قاقاتتى قانات،
قاقىلدايتتى قاغا جىگدىلەر.
هۆرمەتتە تىك تۇراتتى ماڭسام
يول بويىدا رەت ـ رەت تېرەكلەر.

ئەڭ ئۆچ ئىدىم كىيىم كىيىشكە،
ئانام مېنى «جىن» دەپ تىللايتتى.
خىيالىمدا پەقەت، ئاھ، پەقەت
داپ داراڭلاپ، ئېشەك هاڭرايتتى...

2008 ـ يىل 16 ـ ئاپرىل، خوتەن



## نه چاره بار؟!...

جۇدالىقتا گۈللەر ئېچىلسا
ئېچىلسا، ئاھ، خۇشال، بەختىيار
نه چاره بار سازلار يىغلىسا
نه چاره بار؟!...

ئۆلۈپ كېتەر ھەر كىشى
ئۆلەر ھەر كىشى...
ئۆلۈپ كېتىش يىغلىق ئەمەس،
سىلىقۋېتىپ كىيىملىرىنى
يەنە قايتا كىيىم كىيىش، بەس!

سەنئەت
ئاچ ـ يالىڭاچ سەرگەردان بالا.
نه چاره بار
پەرۋا قىلماس ئاڭا بۇ دۇنيا.

دەرد ـ ھەسرەتلىك ناخشىلار
يىغلاتقاندا مىسكىن يۈرەكنى
ئۆتلۈۋېلىپ پەردە كەينىگە
كۈلدى ناخشىچى
نه چاره بار
چۈشەنمەيدۇ بۇنى ھېچكىشى...

شائىرلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق،



ئىھ، نەقەدەر ئەركىن ۋە ئازاد
ھېچنېمىسى بولمىغان ئادەم!

2008 ـ يىل 9 ـ ماي، خوتەن

## كېتىپ قالدىڭ جىممىدە

كۆزلىرىم يۇزۇڭنى سىلاۋاتقاندا
بارمىقىم بارمىقىڭنى ئويناۋاتقاندا
ھاۋا گۈلدۈرلەپ
چاقماق چېقىپ
يەر ۋە ئاسمان پىرقىرىدى.
تېنىمىزدىكى يايلاقتا
قويلار مەرەپ
كالىلار مۆرەپ
چوپان بالا ھايت ـ ھۇيت دەپ ۋارقىرىدى.
...
كۆتۈرۈلدى ئەسەبىي يالقۇن
خۇيۇڭ كۈمۈش، بويۇڭ ئالتۇن
ئالتۇن بويۇڭدا
زەرگەر بولايمۇ؟
تاغدەك تاشلارنى قۇچاقلاپ
چۆلدەك ئاسماننى ھاپاشلاپ
دەريادەك ئۈنچە چېچىپ شاپاشلاپ
قەلەندەر بولايمۇ؟!

تېنىڭ دۇتار
چالاي دېگۈچە
كۆڭلىكىڭنىڭ تۈگمىسى ئوچۇق.
بارمىقىمنىڭ بىرى يوق



توققۇزى سۇنۇق...

لېۋىڭ لېۋىمدە قالدى
تېنىڭ تېنىمدە قالدى
ئۇھ، دېگۈچە ئارام بىر نەپەس،
ئۇھ دېگۈچە
كۆزلىرىڭنى ئېچىپ مۆللىدە
كېتىپ قالدىڭ جىممىدە!

2008 ـ يىل 14 ـ ماي، خوتەن

# شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق

شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق
قۇياشقا ئوخشاتما سەن مېنى كۈلسەم.
جەستىم كۆكلەيدۇ قىزىلگۈل بولۇپ
يارنىڭ ئىشكىدە تەلمۈرۈپ ئۆلسەم.

شەھەرلەر كىيىملىرىنى سالدى ئۇياتلىق
چۆللەر بورانلاردا يۈرەر قاناتلىق
سايلار دىللارنى كېزەر ئاتلىق.
مەن ئۇ يەرلەردە ئەمەس، باشقا يەرلەردە
ناخشا ئېيتىمەن ئۈنسىز، پەريادلىق.
ناخشام ئاڭلىنىدۇ پەقەت ئۆزۈمگە
ياش ئالىمەن مەنلا كۆزۈمگە...

جاھاندا بىرلا قىز، رۇخسارى سامان
كىرپىكى چېچىلغان تال ـ تال سەرگەردان.
لەۋلىرى كېپىنەككە بولۇپ قەبرىستان
ھۇۋلار ۋۇجۇدىدا تۇمەنىڭ ھايۋان.
بىر جاندا جىنازىسى سۇنغان ھاياتنىڭ
بىر جاندا ئۆلۈمنىڭ قولى مېھرىبان.
رەستىدە سازايى كۆڭۈللەر
گۈل بەرگىدە كىيىپ ئىشتان.
تولغان ئەمچەكلىرى تەكلىماكاننىڭ
توغراقلار شاخلىرىنى دىڭگايتىپ تۇرغان.
ھجىيىپ تۇرغان باش سۆڭەكلىرى



شاراب ئىچىۋاتقان، قان قۇسۇۋاتقان.
مەن ئۇ يەرلەردە يوق، باشقا يەرلەردە
كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلۈۋاتقان...

جېنىم بىر ئىكەنغۇ، بىلمەيتىمەن ھەي
بىلسەم بېرەرمىدىم تىلەمچىلەرگە؟
ئېشەك يۇلتۇزلارغا قاراپ ھاڭرىسا
ئىشكنى ياپارمىدىم كۆنلەمچىلەرگە؟!
بوران بىلسە بىلەر ئىسمىمنى بەلكىم
شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق.
ئۆلسەم ئۆلگەندىمەن شېئىر يېزىۋېتىپ
گۈللەر يۈرىكىمگە ئاتسا ئوق.
كۈلسەم كۈلگەندىمەن بولۇپ سەۋدايى
يۇمشاق توپىلارغا ئۆزۈمنى تاشلاپ.
يىغلىسام يىغلىغاندىمەن چۆل بولۇپ كەتكەن
ياستۇقۇمغا دەريانى باشلاپ...

مېنى ئىزدىمەڭلار پەسىل قۇشلىرى
شامالنىڭ دەپتىرىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق!

2008 ـ يىل 20 ـ ماي، خوتەن



## جان ئانا!...

1

تېلېفونۇم تۇرمايدۇ سايراپ
ماڭا ھېچكىم بەرمەيدۇ يىغلاپ.
تۇپراق كۆيەر ماڭغان يولۇمدا
مەجنۇنتالدەك قىزنىڭ چاچلىرى
يەلپۈنمەيدۇ ئوتۇ ۋە سولۇمدا.
قارىدىم مەن قۇياشقا ھەر كۈن
بىلەلمىدىم قانداق كۈلۈشنى.
ئاشىق بولدۇم ، يوقتۇر مەشۇقۇم
چۈشەنمىدىم يالغۇز ئۆلۈشنى.
ھەممە يەردە نامىم قەلەندەر
ئەينەك چاقىان بارماقلىرىم قان.
لەۋلىرىمدە بىر دەريا ئاقار
چاڭقاپ ـ چاڭقاپ نالە قىلار جان.
قۇرۇپ كەتتىم تەكلىماكاندەك
جان ئانا...

2

يېتىم دەرەخ كەچكۈزدە يېتىم
باھار كەلسە ياپراقلىرى بار.
ماشىنىلار كەتسە ئالدىراش
بېكەت يەنە ئۆز پېتى قالار.
ئېگىز ئۆيلەر مېنى يەيدىكەن
ئەينەكلىرى سۈزۈك، يالىڭاچ.



مېنى ھېچكىم ئۆلتۈرمەيدىكەن
كوچىلاردا بولسىمۇ قاچ ـ قاچ!
قامچىسى يوق ھارۋىكەش ئەمەس
خۇرجۇنى يوق ئەمەس قەلەندەر.
ئىكەن ئىشق مەنزىلى ئۇزاق
تاپىنىمدىن بېشىمغا قەدەر.
يالغۇز قالدىم بۇ يولدا جاندەك
جان ئانا!...

3

خىيالىمدا قىزنىڭ ئۆلۈمى
جەسەتلەردىن ئاشتىم داۋانلار.
ئەتىرگۈللەر كارىۋاتقا چىقتى
دېرىزىنى چاقتى بورانلار.
پىچاق بىلەن سۆڭەكتەك يېقىن
ئىككى يۇلتۇز چاقنىدى ئۇزاق.
تاشتەك قاتتى سايىنىڭ نالىسى
تورغايلارنىڭ ئۈنىدە بىراق.
قېرىپ كەتتىڭ، دېدى توغراقلار
قاغىلارمۇ دېدى: ئۆلۈپ كەت.
دېدى قۇياش: كۈل قىلار ئاخىر
سېنى ئاشۇ ئوتلۇق مۇھەببەت!...
چارچاپ كەتتىم
قۇچىقىڭغا ئالغىن بېشىمنى.
كېپەندەك ئاق ياغلىقىڭ بىلەن
سۈرتۈپ قويغىن دەردلىك يېشىمنى.

جان ئانا!...

2008 ـ يىل 28 ـ ماي، خوتەن

## مېنىڭ قوشنام ئايال

مېنىڭ قوشنام ئايال
مېنىڭ قوشنام ئەترگۈل
مېنىڭ قوشنام ئۆمۈچۈك
مېنىڭ قوشنام چۈمۈلە...
ئارىمىزدا بار بىرلا تام،
ئۇ تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە
مەن بۇ تەرىپىدە.

ئۇ مېنى ئىشقا بۇيرۇيدۇ
مەلىكە
زەڭگى قۇلنى ئىشقا بۇيرىغاندەك.
ئۇ مېنى تېپىشماق تاپقىلى سالىدۇ
ئۇ مېنى
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بارسا كەلمەس يولغا ئـە-
ۋەتىدۇ
ئۇنىڭ جاھاننامە ئەينىكىدە
ھەممە ئىشلىرىم كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ...

ئېھ، مەن خۇشال قۇل بولغىنىمغا،
قۇل بولغاندەك خاقان
ساھىبجامال ئايالغا.
مەن شاھلىق لىباسىمنى كىيىپ، ئالتۇن تەختىمدە ئولتـۇ-
رۇپ



ئەمىر ـ لەشكەرلىرىمنى يۈكۈندۈرۈپ، بارلىق خالايىقنى
باش ئۇرغۇزۇپ
قوشنامغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن:
ياشغايلا
ياشغايلا
تۈمەن مىڭ يىل ياشغايلا!!!...

— ئىههى، ئىه...
قوشنام ئېھتىرامىمنى قوبۇل قىلدۇ
تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە.

2008 ـ يىل 18 ـ ئىيۇن، خوتەن

# ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولدى

— ئابدۇرېشىت ئېلىنىڭ «كىر يۇيغۇچى»
ناملىق شېئىرىغا مۇشائىرە

ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولۇپ كۆزۈمگە سوئال نەزەرىدە قارىدى
مەن ئۇنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، دېدىم
ئۇ: ئۆيۈم يوق دېدى.
مەن:
ئۆيۈمدە قىز بالا قونۇپ قالسا بولمايدۇ
ئەمسە كەچ بولۇشنى ساقلايلى
قۇياش كۆرۈپ قالسا تىللايدۇ،
ئاي يىغلايدۇ
يۇلتۇزلار دېرىزىدىن مارايدۇ، دېدىم...

دوستۇم
ھېسسىيات ئەخلەتخانىسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن گۈللەر
قەلب دەرۋازىسىدىكى داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپلار
مۇھەببەت
ۋەتەن
قىپقىزىل پۇللار...
ھېچقايسىسىدىن ۋاز كەچكىلى بولمايدىكەن.
يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ
ئۆلۈمنى يادىغا ئېلىپ
تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىغىلى بولمايدىكەن.
سۇنىڭ سۇدا



ئوتنىڭ ئوتتا
ئادەمنىڭ ئادەمدە ئىكەن
ھەممە نېمىسى...

دوستۇم
سەن ھاڭگا تېرەكتەك ئادەم
مەنمۇ ھەم.
كىر يۇيغۇچىلارغا يامان كۆزىمىزدە قارىمايلى
ئۇلار ئىشتاندەك يىرتىلىپ كەتمىسۇن.
ئۆيى بولمىسا ئۆيىمىزدە قوندۇرۇپ قالايلى
كېچىدە يۇلتۇزلاردەك چېچىلىپ كەتمىسۇن.
ئەگەر ئۇلار مۇھەببەت تەلەپ قىلسا
بولسا بىر ئۆمۈر يەتكۇدەك بېرەيلى
بولمىسا
كەچۈرۈڭ، يوق ئىدى... دەيلى.

دوستۇم
ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولدى

2008 ـ يىل 30 ـ ئىيۇن، خوتەن

# ھېچكىم كۆرمىدى

يىغلاپ تۇرسام سانسىز يۇلتۇزنىڭ
ئارىسىدا بىر يۇلتۇز بولۇپ
ھېچكىم كۆرمىدى...

پايپىقىمنىڭ يىرتىقى مەخپىي
گويا پىنھان ئازابلىرىمدەك.
ئايان لېكىن خۇشاللىقلىرىم
كۆڭلىكىمنىڭ كىر ياقىسىدەك.
كوچىلاردا ماڭغاندا يۇدۇپ
يەلكەمدىكى ئېغىر قۇياشنى،
كۆرمىدى ھېچكىم
كۆزۈمدىكى بىر تامچە ياشنى.

شامال ياكى قەلەندەر
ئىشىك چەككىنى.
ئايال ياكى شېئىر
مېنى مەندە قىلغان مۇساپىر.
يۈرسەم تەنھا مۇساپىرلىقتا
بىر تەنھا ئىت ئەگەشتى ماڭا،
دېدى ئىت قاۋاپ:
مەن بىر شائىر، ئىتلار شائىرى
بىزار بولغان قاتتىق سۆڭەكتىن
بىزار بولغان يۇندا ـ يالاقتىن



بىزار بولغان زەنجىر، تاياقتىن
بىزار بولغان
ئىتلار ئۈچۈن توقۇلغان داستان
بولۇپ ئوت ـ گۈلخان
كۆل بولغاندا ۋاراق ـ ۋاراقتىن.
مېنى چۈشەنمىگەن ئىتلار
مەڭگۈ ئىتتۇر
ئىتتۇر مەڭگۈ ئادەملەر ئىچرە...
سەنچۇ، سەن ئەي يالغۇزسەن ئىتتەك
شېئىر يېزىپ ئادەملەر ئارا
يۈرىكىڭنى باستىمۇ يارا؟
بىر قىز ئۈچۈن
ئوقۇدۇڭمۇ دۇنياغا لەنەت؟
قەبرە دېدىڭمۇ قەلبىڭنى يارغا
باستۇرۇپ كەلگەندە ساڭا مۇھەببەت؟!
ياكى هايات سىرلىرىنى پاچاقلاپ
بارچە ئۇلۇغلۇقلارنى ئارقاڭغا تاشلاپ
كېتىۋاتامسەن ئۆزۈڭگە قاراپ؟!...

دېدىم: هاۋ، هاۋ
مەن بىر ئوغرى.
قاپقاراڭغۇ سۆز زىندانلىرىدىن
ئىشىك ـ تۈڭلۈكسىز مەنە ئايۋانلىرىدىن
پەلسەپەدىكى جەسەتلەرنى ئاتلاپ
لوگىكىدىكى هېچكىم بايقىمىغان چىقىش ئېغىزىدىن باشلاپ
شېئىرنى چىقتىم ئوغرىلاپ
هېچكىم كۆرمىدى...

2008 ـ يىل 9 ـ ئىيۇل، خوتەن

## مېنى كىم دېگۈچىلەر

مېنى كىم دېگۈچىلەر
كىمدۇر ئۆزى؟!

پارسا①
بىر ھەقىقىي ئىسىمدۇر،
دۇنيادا يوق لېكىن ئۇ ئادەم.
نېمە قىلىمەن شېئىر يېزىپ
ئۇ ئادەمنىڭ يوقلىقىنى دېمىسەم؟!...

كۈلسەم دورىدىڭ دەيدۇ ئاپتاپپەرەسنى
يىغلىسام بۇلۇتلارنىڭ بۇزۇلار كۆڭلى.
قۇياش يۈزلىرىمنى يالار ئىتتەك
سۆيسەم جىنەستىلەر كېتەر تۆكۈلۈپ...
ھەر بىر چېھرىدە يالاڭ ئاياغ يول
ھەر بىر سۈكۈناتىنىڭ يۈرىكى جۇل - جۇل.
ماڭا تۇتىشىدۇ بارچە ماكان،
ماڭا كېلىدۇ ئالەم قۇرۇق قول...

مېنى كىم دېگۈچىلەر
كوچا ئاپتوبۇسى توختىغاندا
كۆزىنىڭ بالىخانىسىدىن ئايالالارنى ماراۋاتقان
كۆڭۈلسىز ئايالدىن كۆڭۈل سوراۋاتقان
قولى ئوغرىلارنىڭ قولىدەك ئۇزۇن

---

① پارسا - تور نامىم.



يۈزى داپتەك، يۈرىكى قاپتەك
يېنىك ئادەمنى پارىسا دەيدۇ...

مېنى ھەر كىم دېسە بولىدۇ،
كىم بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر
ئىسمىم پارىسا!

2008 ـ يىل 21 ـ ئىيۇل، خوتەن



# گۈمدىكى كونا بازار

بۇ يەردە
ئۆتمۈش هازىر بولغان، ماشىنا مۇساپىر
مۇھەببەت ئۇچۇن ئارقىسغا قارىغان شائىر
پاكار ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ دۇرۇت ئوقۇۋاتقان
ئەرۋاھ يۇلتۇزلار
قەھرى ـ غەزەپ بىلەن رەستىگە تۆكۈلۈۋاتقان دېرىزىلەر
غۇۋا ئەينەكلەردىكى نارەسىدە قىزلارنىڭ غەمسىز كۈلكىسى
خالتا كوچىدىكى ئاخىرى يوق ناخشا...
قوڭغۇراقلىق مەيدىكى ساھىبجامال ئايال
خانىقانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ
گۈل ھەققىدە سۆزلىگەندە خىيال
بىردىنلا
ھەممە ياقنى قاپلىغان زاۋال...

بۇ يەردە
تىلەمچىنىڭ پۇت ـ قوللىرى ساق بولسا ئىدى، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كې-
تەتتى
كۆزلىرى كۆرسە ئىدى، تولا يىغلاپ ئەما بولۇپ قالاتتى
چېقىلىشنى ئىستىمەيدىغان قانداق چىنە بار؟
يىرتىلىشنى خالىمايدىغان قانداق كىيىم بار؟
بارچە سىرلار يېرىم كېچىدە ئېچىلمىسا ئىدى
تاڭغىچە يېپىلمىسا ئىدى
كۈندۈز
بەتبۇي نىجاسەت ۋە يىرگىنچلىك جەسەتلەرگە تولۇپ كېتەتتى.



مەشرەپ ھەزرەتلىرى مەسچىت ئۆگزىسىگە چىقىپ ئۆستەڭگە سىيگەندە
سۇيدۇكى يەتتە دومىلىغان
ياكى يەتمىش...
نەچچە دومىلىغىنىنى سانىمىغان قۇياشقا لەنەت!

بۇ يەردە
كىرلىشىپ كەتكەن بىر ئاسمان بار
ئاسماندا
مەشرەپ ھەزرەتلىرىنىڭ سۇيدۇكىنىڭ نەچچە دومىلىغىنىنى سانىمىغان
لەنەتگەردە قۇياش!...

2008 ـ يىل 23 ـ ئىيۇل، گۇما

# كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسى تالاغا قارايدۇ

كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسى
تالاغا قارايدۇ

كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسىدىن تالاغا قاراپ بىر قىزنى كۆردۈم،
قاشلىرى بەرگى قىياق
كۆزلىرى ئويناق بۇلاق.
لەۋلىرى مەي كاسەسى،
مەڭزىدە بىر جۈپ زىناق...
ئويلىدىم:
ئېتىكىنى قايرىغان شامال مەن بولسامچۇ
پۇتىغا پۇتلاشقان تاش مەن بولسامچۇ
مەن بولسامچۇ
ئۇ نازۇك قەددىنى ئېگىپ يەردىن ئالغان
بىر تال ياپراق...
...
زىبا تېنىنىڭ ئېچكىرىسىدە
كەتسەم ئېزىپ،
ئاتىلار ئېكىن يەرلەردە كەتمەن چېپىۋاتقان
ئانىلار ئېتىكىدە بالا بېقىۋاتقان
ئىتلار قاۋاۋاتقان
قويلار مەرەۋاتقان
ئېشەكلەر ھاڭراۋاتقان،
سەلتەنەتلەر



غەزەپ ـ نەپرەتلەر
سانسىز جەسەتلەر
ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان،
ئالەم
دەم كۆمتۈرۈلۈپ
دەم ئۆرە بولۇۋاتقان
زىبا تېنىنىڭ ئىچكىرىسىدە...

ئاھ!...
دادىسى ئېلىپ كەتتى ئۇ قىزنى
ھېچكىم بىلمەيدىغان يەرگە.
بېرىش ئۈچۈن
مەن بىلمەيدىغان ئەرگە.
مېنى شېئىر يازالماس قىلىۋەتتى
ئۇنىڭ كېتەر چاغدىكى ئاخىرقى رەت قايرىلىپ قارىشى...

قىزنىڭ قارىسى يەتتى
كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسىنى ياپتىم.

2008 ـ يىل 27 ـ ئاۋغۇست، خوتەن



# ئاشۇ كۆڭلۈم، كۆڭلكىنىڭ
# تۈگمىلىرى ئۈزۈلگەن...

ئاشۇ رەڭلىك ئېرىقلاردا ئاققان سۆيگۈ قوشقى،
ئاشۇ ناخشا، ئاخىرلاشقان يىغلاپ خەندە ئۇرغانچە.
ئاشۇ ئىشىك، كىرگۈزمىگەن مېنى يارنىڭ قوينىغا،
ئاشۇ كىيىم، قويغان مېنى يالىڭاچلاپ بارغانچە...
كىتابلاردا كېزىپ يۈرگەن جاراھەتلىك ئىسىملار،
شېئىر بولۇپ ئېقىۋاتقان قان - يىرىڭلار كەلكۈنى.
ئېچىمدىكى ئاشۇ زىندان گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن،
ئاشۇ سۆيگۈ، بولغان مەستخۇش تەنلەر ئارا دەپسەندە...
ئۆلۈمىمنىڭ تويلار كەبى ئاخىرلاشماس ناۋاسى،
ئاشۇ مۇقام، چۆللەر ئارا يۈرگەن مېنى يېتىلەپ.
ئاشۇ كۆڭلۈم، كۆڭلكىنىڭ تۈگمىلىرى ئۈزۈلگەن،
ئاشۇ گۈللەر، بىر - بىرىگە بولغان كۈنداش - كۈشەندە...
ھايات پەقەت بىرلا گەپتۇر، ئۆلۈممۇ ھەم بىرلا گەپ،
ئاشۇ گەپنى توشۇۋاتقان بىز ھەممىمىز ھارۋىكەش.
ۋەتەن دېگەن سۆيگەن ياردۇر ياكى گۈزەل بىر شېئىر
ئاشۇ مەستتۇر ياكى يولدا قۇسۇپ ياتقان شەرمەندە...
بەلكىم شائىر مەن ئەمەسمەن، ئاشۇ ئويچان بىر يۇلتۇز،
ئۇنىڭ يارقىن نۇرلىرىغا تەسەددۇقتۇر كېچىلەر.
كېتىپ قالسام گەر بىر كۈنى بۇ دۇنيادىن خوش دېمەي
كەچۈرۈڭلار، كەتكەن ئۇغۇز دەل ئاشۇ كۈن - يەكشەنبە!

2008 - يىل 1 - سېنتەبىر، خوتەن



## بىرئاز ـ بىرئازدىن ئۆلۈۋاتىمەن

بىرئاز ـ بىرئازدىن ئۆلۈۋاتىمەن،
بىرئاز ـ بىرئازدىن
قەبرەمگە قاراپ كېتىۋاتىمەن.
ئاۋۋال بېشىمدىن چۈشتى بىر تال چاچ
ئاندىن
چۈشتى دوملاپ باغرىمدىكى تاش.
ئاخىرلاشتى دەرەخلەرنىڭ سالام ـ سەھىتى
توختىدى تاغلارنىڭ قەدەم تىۋىشى
توختىدى قۇشلار ئېيتىشتىن ناخشا
توختىدى
دەريالار شاد ـ خۇرام ئېقىشتىن ئاستا...

مۇزىكا
قايتالماس ئەمدى جىمجىتلىقىغا.
شېئىر يېزىلدى، يېتەلمەس ئەمدى
ئاشۇ گۈزەل ھەم چەكسىز يوقلۇققا.
قايتۇرۇپ بېرەلمەس كىيىملەر
يالىڭاچ تېنىمنى، لاۋۇلداپ تۇرغان...
قايتۇرۇپ بېرەلمەس ئەينەكلەر
ياشلىق جۇش ئۇرغان چىرايىمنى ھەم...
ئاۋۋال يېدى مېنى ئاچ ئەرۋاھتەك نان
ئاندىن يېدى ئاياللار مۇھەببەت بىلەن.
يېدى شان ـ شۆھرەت، پۇل، ھوقۇق ئاندىن
يېدى

يېدى پارچىلاپ
مەن بىلىدىغان جىمى نەرسىلەر...

يېرىم كېچىدە
بارماقلىرىمغا يۆگەلگەن مىلتىق ئاۋازى
ئاستىمدىن ئۆمۈلەپ قاچقان تۇرمىلەر،
كىرپىكىمدىن سىرغىغان بىر تامچە ياش
سۆرەپ كەلگەن پەرياد ـ نالىلەر...
قىزىل گۈلنى ئەسلەتكەن قان
ئېھ
قىزغىن ھەم ئەسەبىي ئاشۇ جەريان.
ئەنسىز چىرقىراشتىن كېيىنكى جىملىق
ئۆلۈمگە ئوخشاش شېرىن ھاياجان.
يار ـ
روھىمدىكى ئەبەدىيلىك دار،
دارنىڭ تۈۋىدىكى سانسىز ئالامان.
خەير! دەپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقان قۇياش،
قۇياش ئاستىدىكى
بىرئاز ـ بىرئازدىن ئۆلۈۋاتقان دۇنيا...

ئۆلمەسلىككە چارە يوق،
خۇشال ئۆلۈشكە ئىزدەيلى ئىمكان.
دوستلار
بىرئاز ـ بىرئازدىن ئۆلۈۋاتىمەن
بىرئاز ـ بىرئازدىن...
ئۆلۈم بىر قېتىملىق مۇھەببەتلىشىشتۇر
ئۆز ـ ئۆزىمىز بىلەن.
ياكى ھاياتلىقنىڭ مەنىسىدۇر
بىز ئىزدەۋاتقان ئۇزۇندىن بېرى.

2008 ـ يىل 17 ـ سېنتەبىر، خوتەن



# لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان شامال ھارۋىسىدا

لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان شامال ھارۋىسىدا
غازاڭلارنىڭ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىدا ئۇكلىنىپ كەتكەن قانىتىدا
سۇنىڭ ناخشا ئېيتقانچە ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان كۆزلىرى ۋە
تۇپراقنىڭ باغرى قاتتىق ئاتىدەك گۈس - گۈس قەدەملىرى ئاستىدا
سېنىڭ سېغىنىشقا تولغان چىرايىڭ...

بىر سۆز يەتتە قات ئاسماننىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىن كېلىپ
مېنىڭ يۈرىكىمنى ماكان ئېتىپ
ئويغاتتى ھەر بىر تىنىقىمدا ئۇخلاۋاتقان سۇبھاننى.
بىر ناخشا ئاۋازىمدىن قىلىچتەك سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ
ئۆلتۈرۈۋەتتى يۈرىكىمنىڭ يېنىدا ساڭا قاراپ يىغلاۋاتقان ھايۋاننى.
بىر نىدا
يەرنىڭ يەتتىنچى قەۋەت تەكتىدە سۆڭەكلىرىمدە قىلىچ تاۋلايدۇ.
كۆز ياشلىرىمدىكى كىشەن - زەنجىرلەر
سېغىنىشنىڭ دالاسىدا مەست بۆرىدەك ھۇۋلايدۇ...

بىر بىنا پەلەمپەيىنىڭ يېنىدا توختىدى
بىر دېرىزە تونۇش يىغا ئاۋازىغا قۇلاق سالغانچە يىغلاشقا باشلىدى
قوللىرىم خوش دېگەن پېتى پۇلاڭلاپ قالغان
سېنى ئېلىپ كەتكەن ماشىنا
كۆز غازاڭلىرىدەك
شامال ھارۋىسىدەك
لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان!...

2008 - يىل 23 - ئۆكتەبىر، خوتەن

# ئاسمان ـ زېمىن ئۇچراشقان جايدا سېنى كۆردۈم

ئاسمان ـ زېمىن ئۇچراشقان جايدا سېنى كۆردۈم
زەنگەر ئۇپۇقنى ياغلىق قىلىپ ئارتىۋاپسەن
پۇتۇڭنىڭ ئۈستىدىكى ئۇيقۇغا كەتكەن بۇلۇتلار
نېچۈندۇر
بۇلۇتلارنىڭ چۈشىدىكى گۈلدۈرماما، چاقماقلار
دىققىتىڭنى بۇزالماس...

قانداق بولغىيدى
يارىلىشتىن ئىلگىرىكى كائىنات، ئالەم؟
قانداق بولغىيدى
تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى مەۋجۇدات، ئادەم؟
يوق نەرسىلەرنى سېغىنىمەن
سېغىنغان نەرسىلىرىمنىڭ يوق بولۇشنى تىلەيمەن
سېغىنغاندەك خۇدانى
ئۆرلەپ بۈيۈكلۈككە، يوق بولغانسېرى...

سەن ئۈنسىز قاراپ تۇرسەن
چوڭقۇر سۆيگۈ بىلەن بۇ بىردەملىك دۇنياغا!...

2008 ـ يىل 4 ـ نويابىر، خوتەن



## كىمنىڭ يۇلتۇزلىرى ئاسماندىكى...

كىمنىڭ يۇلتۇزلىرى ئاسماندىكى نۇر چېچىپ تۇرغان؟
كىمنىڭ شەيتانلىرى ئاينىڭ ئېتىكىدە دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان؟
كىمنىڭ ناخشىسى ئۇ ئايارەي...
تارنى ئۈزۈپ، قارنىنى يېرىپ دۇتارنى سۇندۇرغان؟!
تۇرسۇن بىردەم ئېتىكاپتىن قارنى ئاچقان گۇناھ كەبىرلەر
بىردەم دارنىڭ تۆۋرۈكلىرىدىن ئۇچۇپ كەتسۇن كەپتەرلەر
بىردەم يىرتىلسۇن
مۇھەببەتنى شەرھ ئەتكەن تەن ـ بەدەنلەردىن پۈتكەن دەپتەرلەر...
ئوچۇق گۆرلەردەك كۆزى ئوچۇق
ئوتى ئۆچكەن ئوچاقتەك، سوغۇق ساغرىدەك
قىيا ئېچىلغان ئىشىكتەك، يارنىڭ تېغىدىن قاچقان كېيىكتەك
بىردەم يالغۇز
ئۆز ھەسرىتىگە چۆمۈلسۇن يۈرەك!
تېرەكلەر ئاخشامدىكى يالىڭاچ ئەرۋاھلار
ئەپسۇن ـ ئايەتتەك مەستخۇش ياپراقلار چالغان چاۋاكلار
كىنودىن قايتقاندەك يېزا قىزلىرى
مايسلار ئۇسسىغان سۆيگۈ ئېتىزى
كەندىر پۇرىقىدەك خۇمارلىق جانان
كېلەر قاچان
ئېتىزغا ناخشىسىنى توۋلاپ شادىمان؟
جېنىمنىڭ بىر تېلىلا ئوق
ئون سەككىز تال قوۋۇرغامنىڭ ھەممىسى سۇنۇق
ھەر بىر تۈكۈمنىڭ ھەر بىر ناخشىسى

ياڭرار قەھرىمانلار توۋلاۋاتقان مەيداندا.
ھەر نەپسىم ئەبەدىيلىك ئىمارەت ئۈچۈن
خىش پىشۇرار تىنىقىمدىكى خۇمداندا.
دەرۋىشلىك تونۇمنى بورانغا بېرەي
ئىسسىق جېنىمنى ئالغانغا بېرەي
قالغان بىساتىمنى
يار تەرەپتىن كەلگەن شامالغا سورۇۋېتەي!...

2008 ـ يىل 11 ـ نويابىر، خوتەن





# پىنهانلاردا جۇش ئۇرار سۆيگۈ

پىنهانلاردا جۇش ئۇرار سۆيگۈ
تاشقىنلىتىپ سوغۇق ياشلارنى.
چىرقىرىغان كىم ئۇ لەززەتلىك
بارمىقىغا يۆگەپ چاچلارنى...
تونۇۋالار كىمنى بۇ يۈرەك
زۇۋان سۈرمەس غېرىبانە ئاي.
شۇنچە ئۇزاق دىل قاراڭغۇسى
تەنلەر تىترەپ ئۈنلەر خۇشچىراي.
ئۇ بەئەينى كۈيچى راۋابتۇر
ياكى قارنى يېرىلغان دۇتار.
يا يىقىلغان سانسىز لەشكەردۇر
كۈي ئەۋجىدە ئۈزۈلگەندە تار.
ياكى ئاسمان، كونا پالاستەك
دېرىزىدىن تۇرغان ساڭگىلاپ.
ياكى قاتتىق قىيناق ئىچىدە
كۆزدۇر كەتكەن چاناقتىن چاچراپ.
كۆڭۈللەرنىڭ ئارقا هويلىسى
يا زۇلمەتنى يىرتقان چىراغلار.
گۈللەر بىلەن ياسالغان تۈرمە
يا تۈندىكى ئەما بۇلاقلار...
كەتتى كۆڭلۈم سەرگەردان بولۇپ
قاي چۆللەردە تۇغۇلار سەنەم؟
هېچبىر سەۋەب قالمىدى ئەمدى

ئۆلۈشكە يا ياشاشقا بىردەم.
كېتەيلى ئەي سەۋدايى سۆگەت
تۇرۇۋەرمە ئۆستەڭ بويىدا.
ئۇچرىشارمىز يار بىلەن بەلكى
ئاسمان بىلەن يەرنىڭ تويىدا!

2008 ـ يىل 16 ـ فېۋرال، خوتەن



## ئاسمان دەرياغا پەسلەۋاتقاندا

ئاسمان دەرياغا پەسلەۋاتقاندا
سۇلار قىرغاقنى يالاپ ئەسنەۋاتقاندا
تاشلار سۇنىڭ تېگىدە كىشنەۋاتقاندا
بىر قىز بىر يىگىتكە ئاشىق - بىقارار...

قىز دېدى:
جېنىم بېغىڭىزدىكى ئەتىرگۈلدۇر،
ئۆز كۆكسۈمگە ئۆزۈم سانجىغان خەنجەرسىز.
تېنىم قۇچىقىڭىزدىكى پايانسىز چۆلدۇر،
ئۇ چۆلدىكى قەلەندەرسىز.
مەن بىر سازكى، سىز سازەندە
ئىشق كۈيلىرى ئۆزۈلمەس ئالەمدە.
ئۆلسەم قۇچىقىڭىزدا، جەننەت ئىستىمەسمەن
تىرىلسەم مۇھەببەت ئىچرە، مەڭگۈ ئۆلمەسمەن!...

ئىشق لەشكەرلىرى باستۇرۇپ كەلدى،
ئېگىز سېپىل - ئىمارەت قېنى؟
جان بېرەي مەن قۇچىقىڭىزدا،
ئۆلۈمگە ئىجازەت قېنى؟
دىلدا قانداق باھار بولۇر
گۈل ئېچىلمىسا زىمىستاندا؟
سۆيگۈ قانداق ئىزھار بولۇر
ئۆلمىگۈچە بۇ جاھاندا؟!...

قىز ئاھ ئۇردى، پەريادلىرى ئون ئىككى مۇقام بولدى
ياشلىرى تۆكۈلۈپ دەريادىكى مارجان بولدى
كىرپىكلىرى ئىشق چۆلىدىكى كارۋان بولدى
چاچلىرى چۇۋۇلۇپ قاپقارا ھىجران بولدى
شائىر نەزمىگە قېتىپ دېدىلەركى:
يامان بولدى
يامان بولدى!...

2009 ـ يىل 4 ـ ئاۋغۇست، خوتەن





## مېنىڭ يۈرىكىم

مىخلانماق بولسا قۇياشقا مىخلىنار
بىخلانماق بولسا زۇلمەتتە بىخلىنار

باش سۆڭىكىمدە شاراب ئىچكەنلەر پادىشاھ بولار
تىرەمگە كىرگەنلەر قۇل بولار

يۈزۈمنىڭ يورۇق تەرىپىدىن كەلگەنلەر خۇداسىز
قاراڭغۇ تەرىپىدىن كەلگەنلەر گۇناھسىز...

جېنىمنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتار
قېنىمنىڭ ئەتىرگۈللىرىنى ئېچىلدۇرار
بارماقلىرىنى يۇم - يۇم يىغلىتىپ
قوۋۇرغىلىرىمنى ساناپ ئولتۇرار...

قۇش ئەمەستۇر، قاقالماس قانات
ئەمەستۇر ھەم چېپىۋاتقان ئات
تەڭرىنىڭ سەپەر سومكىسىدۇر ئىلغىغا ئېسىلغان
مېنىڭ يۈرىكىم!...

2009 - يىل 15 - سېنتەبىر، خوتەن

## يەنە بىر ناخشا

**1**

بۇلغىنار تەن بىلەن جانىنىڭ ئارىسى
ساقايماس بىر ئۆمۈر سۆيگۈ يارىسى.
يالغۇزلۇق تەڭرىنىڭ قېشىدىن كېلەر
قەبرىدە تۇگەيدۇ ئۇنىڭ چالىسى.
ئەي ماڭا بىر جانان بەرمىگەن زېمىن
جېنىمنى قاخشاتما، ئاسىي بولۇپ مەن
بۇ قاقاس قەلبىمدىن قېچىپ كەتكىچە،
يۈرىكىم داپ چېلىپ تۇرغان چۆلدە مەن
قېنىم ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن سايدا مەن
سۆڭىكىم نەي چېلىپ يۈرگەن يايلاقتا
كىيىمنى سالماقتا توپ ـ توپ ئاياللار
مەن شېئىر يازىمەن ئۆلۈپ كەتكىچە...

**2**

مەن يارنى ئېسىمگە ئالسام شۇ ھامان
كارىۋاتنىڭ ۋەدىسى كېتەر غىچىرلاپ.
لېۋىمدىن باشلانغان چىغىر يوللاردا
بىر دەريا چۆللەرگە ماڭار ئالدىراپ.
گۆشۈمدە پىتلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقى
ئىچىمدە ئېشەكلەر ھاڭرايدۇ تىنماي.
تۇرىدۇ چېچىنى يۇلۇپ تاڭغىچە
دېرىزە يېنىدا ساھىبجامال ئاي.



ۋارقىراپ ئۆلگەنلەر تۇرار زۇۋانسىز
قىمارۋاز كوچىلار يىغلار دۇم يېتىپ.
بازارنىڭ چۇۋۇلغان ماڭلاي چىچىدا
ئولتۇرار بىر بىنا ئۆزىنى سېتىپ.
ئاخىرقى ماشىنا كېتەر توساتتىن
سۇنار ھەم تۇيۇقسىز ئاخىرقى دۇتار.
مېنى گۈل دەردىدىن يىراق قىلىڭلار
لەپىلدەپ كەلگۈچە يەنە بىر باھار.

3

ئايالنىڭ قوينىدا ئۆلمەن جەزمەن
ئۆلمەن ياكى مەن ئاتتىن يىقىلىپ.
ۋە ياكى شېئىرنىڭ سۇيىقەستىدە
كېتىمەن ئەينەكتەك چۇل - چۇل چېقىلىپ.
كېتىش دەپ ئاتالغان كېلىشلىرىم بار،
ئۈچ بۇرجەك قەسەمدىن، يانتۇ بۇلۇڭدىن.
كىمنىلا ئۇچراتسام دەردىمنى تۆكۈپ
پۇتۇمنى تارتىمدىم سوغۇق كۇلۇڭدىن.
بورانلار ئەڭلىمنى بايراق قىلدۇ
چۆل مېنى قان بىلەن يۇيۇندۇردۇ.
گوياكى گۇناھكار بالىغا ئوخشاش
مۇھەببەت ئۆلۈمنى يۈكۈندۈردۇ.
لېكىن مەن ئىچىمدە بولغان يۈكۈنۈپ
قورقىمەن ئۆلۈمدىن شۇ قەدەر دەھشەت.
قەيەردە يۈرىمەن سەرگەردان بولۇپ
ئۆلگەندە تەڭرى گەر بەرمىسە جەننەت؟

4

ئاڭلاندى تېنىدىن چىقىپ، دوزاختا
ماڭغان بىر ئەرۋاھنىڭ گۈلدۈرمامىسى.

ئاڭلاندى دوزاختىن چىقىپ جەننەتكە
ماڭغان بىر ئەرۋاھنىڭ شادىيانىسى.
سۆيگۈگە تېگىشكەن ئىككى دۇنيانى
ئاڭلاندى شاھ مەشرەپ ئوقۇغان غەزەل.
ئاڭلاندى ئايالنىڭ چاقىرغان ئۈنى
چاقىرىپ تۇرغاندەك تۆمەننىڭ ئەجەل...
يەنە بىر ناخشىنى ئېيتماقچى بولدۇم
تۆگەر ئۇ جىسمىمدىن تۆگىگەندە قان.
ئەگەردە شۇ ناخشا ياڭراپ تۇرمىسا
قالار بۇ دۇنيادا نە بىر شەرەپ ـ شان؟!

2009 ـ يىل 16 ـ سېنتەبىر، خوتەن



# ھەر بىر ئۆلۈمدە بىردىن باھار

ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە ئاز قالغان
يەر يېرىلىپ كېتىشكە ئاز قالغان
قۇياش ئۆچۈپ كېتىشكە ئاز قالغان
ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىشكە ئاز قالغان...
ئۆينىڭ ئىچىدە تۆت كارىۋات
ھەر بىر كارىۋاتتا بىردىن پەرىزات
ئۆينىڭ تېشىدا تۆت تام
ھەر بىر تامدا بىردىن كائىنات
ھەر بىر يۈرەكتە بىردىن ئىت
ھەر بىر جاندا بىردىن ئوق
ھەر بىر چاچتا بىردىن قامچا
ھەر بىر تىنىقتا بىردىن ئۆلۈم
ھەر بىر ئۆلۈمدە بىردىن باھار...

2009 ـ يىل 30 ـ سېنتەبىر، خوتەن

## يالغۇز كارىۋات ۋە يالغۇز يوتقان

ئىشىكلەرنى ئېچىپ شاد ــ خۇرام
كىرىپ ــ چىقىپ تۇرۇۋاتقان جان.
ئاستا ــ ئاستا ئورنىدىن تۇرغان
كۆڭۈلدىكى شۇ غېرىب ھايۋان...

دېرىزىلەر خالار، خالىماس
تامنىڭ كۆزى قارىغۇ ئەمەس.
يىغلىۋاتقان قاپقارا چاچلار
تورۇستىكى زۇلمەتلىك ھەۋەس...

ئاي نۇرىغا تولغان ئايدىڭدا
قىپيالىڭاچ تۇرغان تېرەكلەر.
بارخان ــ بارخان كۆتۈش، سېغىنىش
يۇمران كاسا، تولغان ئەمچەكلەر...

يۈرەكتىكى چىرىپ كېتىشلەر
ئەينەكتىكى قېرىپ كېتىشلەر
ھاياجانلىق قۇرۇپ كېتىشلەر...

2009 ــ يىل 23 ــ ئۆكتەبىر، خوتەن



## گۈلدۈرماملىق بۇلۇت بولسامۇ

گۈلدۈرماملىق بۇلۇت بولسامۇ
شاماللارغا بەرمەيمەن زەرەر

ئۇيان - بۇيان مېڭىشلىرىمدا
چەيلىمەيمەن يېنىك ھاۋانى

دەريالارنىڭ ئۈستىدە توختاپ
سۈزۈك سۇلارغا قىلىمەن تەزىم

بولسام ئەگەر يامغۇر ياغدۇرماق
سۈندۈكلەردىن بېرىمەن خەۋەر

گۈلدۈرماملىق بۇلۇت بولسامۇ
دەھشەت بىلەن چاقماق چاقسامۇ
تاماكامغا ئوت يېقىۋېلىپلا
بەند بولىمەن ئۆز خىيالىمغا...

2009 - يىل 31 - ئۆكتەبىر، خوتەن

## بېكەتكە گېپىم يوق

ئاپتوبۇسلارغا گېپىم يوق
كەتسە يەنە قايتىپ كېلەر

يولۇچىلارغا گېپىم يوق
كەتسە كېلەر ياكى كەلمەس

شوپۇرلارغا گېپىم يوق
ئېلىپ كېلەر كەتكەنلەرنىڭ ئورنىغا

بېكەتكە گېپىم يوق
مېنىڭ يارىم
كەتمەيدىغان، كەلمەيدىغان قىز!...

2009 ـ يىل 2 ـ نويابىر، خوتەن



## ئىزاھات

ئۆي ۋە قەبرە ئىككى ماكاندۇر
بىرى زۇلمەت، بىرى قاراڭغۇ

ئىككى دۇنيا ئىككى داستاندۇر
بىرى يالغان، بىرى ئەپسانە.

ھايات، ئۆلۈم ئىككى قىرغاقتۇر
دەريادا يوق بىر تامچىمۇ سۇ...

2009 ـ يىل 25 ـ نويابىر، خوتەن

## قۇربان ھېيتنىڭ خۇشاللىقى

سەھراغا كېتىپ
توپىلارغا يۇمۇلايمەن

جېنىمنى جانان چىنىگە سېلىپ
قېنىمنى قىزىل ئېرىقتا ئېقىتىمەن

ناغرا چالغان بويتاقلىقىمنى
سۇناي چېلىپ تۆگىتىمەن

ئاسمان مېنىڭ ھېيتلىق تۇمقىم
تۇپراق مېنىڭ ھېيتلىق ئايىغىم
ئىشتىنىمدۇر شاماللار
كۆڭلىكىم يامغۇر...

رەھمەت تەڭرىم ھېيتلىقلىرىڭغا!

2009 ـ يىل 26 ـ نويابىر، خوتەن



# هۆرنىسا ئىسمائىل

تۇمەنلىگەن كېچىلەرنىڭ بىرىدە
تۇمەنلىگەن ئاياللارنىڭ بىرىسەن.
تولۇپ تاشقان تېنىڭ بىلەن ئۆركەشلەپ
كۆڭلۈمدىكى ئېتىزلىقتا كىرىسەن.
تۇمەنلىگەن ئاتلار چاپار تاراقلاپ
چېچىڭدىكى قاپقاراڭغۇ ئاسماندا.
مياڭلايدۇ قىيامەتنىڭ مۈشۈكى
ئېتىكىڭنىڭ ئاستىدىكى ئايۋاندا.
ئىككى پۇتۇڭ ئىككى ياققا ماڭىدۇ
ناخشا ئېيتسا كىندىكىڭدە ئىزغىرىن.
كىم ئۇ ياتقان كۆڭلۈڭدىكى كارىۋاتتا،
تىرنىقىڭنى ئېلىۋاتقان قايسى جىن؟...

2009 ـ يىل 27 ـ نويابىر، خوتەن

# ئەزرائىلنىڭ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئەسۋابلىرى

ئەزرائىل جاننى ئېلىش ئۈچۈن
ھەممە ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ كەلدى؛
ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن
پىچاقنى، زەھەرنى، ئوقنى، سىرتماقنى
ماشىنىنىڭ چاقنى، بىنانىڭ ئۈنىنچى قەۋىتىنى، سۆيگۈنى ۋە تۈرلۈك كېسەلنى...
چېۋىنىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن
DDW نى ۋە شاپالتاقنى ئېلىپ كەلدى.
ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەسۋابلار ئىچىدە مەشھۇرراقى ئىنقىلاب - ۋەتەن ئۇرۇشلىرى، ئېتىقاد يۈرۈشلىرى
خالاپ تۇرۇپ خۇشال ئۆلۈشلەردىن كۈلۈپ كەتكەن ئەزرائىل...
ئاندىن قالسا ۋابا
هاراق بىلەن تاماكا
ئەيدىز ۋە H1N1 تارقىلىشچان زۇكمى
ئاستا - ئاستا شېرىن ئۆلۈشلەردىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان ئەزرائىل...
سۇ، تۇپراق، ئوت، ھاۋا
چۈشكۈنلۈك، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە راھەت - پاراغەت
يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە ئەزرائىلنىڭ جان ئالىدىغان ئەسۋابلىرى...
جېنىنى ئالىدىغان ئەسۋابنى ئادەملەرنىڭ ئۆز قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ
خىلمۇخىل ئۆلۈملەرنى تاماشا قىلىۋاتقان ئەزرائىل...

2009 - يىل 4 - دېكابىر، خوتەن



## ئەڭ ئېگىز شارقىراتمىنىڭ نالە - زارى

مېنى تۇتۇۋال!... دەپ ۋارقىرايدۇ
ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ
گۈلدۈرلەپ تاشلىنىۋاتقان سۇلار
ئۆزىنى ئۆزىدىن تارتالمىغان سۇلار
پارە - پارە بولغان سۇلار
بىچارە سۇلار...
چۈشۈۋېتىپ كەينىگە قارىيالمايدۇ
توختىماي چۈشۈۋېرىدۇ
چىلىق - چىلىق تەرلەپ كېتىدۇ
لەۋلىرى گەز باغلاپ كېتىدۇ
قورسىقى يېرىلىپ كېتىدۇ
ئۈچەيلىرى چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ
كۆزلىرى پولتىيىپ چىقىدۇ
مېنى تۇتۇۋال!... دەپ ۋارقىرايدۇ
ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ
كاشكى، بىلسە ئىدى
ئۆزىنى شۇنچە ئېگىزدىن تاشلاۋاتقان كىم؟
نالە - زارىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈۋاتقان كىم؟!...
بىچارە سۇلار...

2009 - يىل 7 - دېكابىر، خوتەن

## تىللاردا داستان

ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئۆلتۈرۈشتىن ئالىيجانابلىقى
كۆز يېشىدىن قانىنىڭ ساپلىقى
خۇشاللىقتىن قايغۇلارنىڭ راستلىقى
تۈرمە تاملىرىنىڭ قۇياشنىڭ نۇرى بىلەن قوپۇرۇلغانلىقى
ئەڭ قاراڭغۇ بىر كامېرنىڭ قاتمۇقات يورۇق كامېرلارغا سولانغانلىقى
ئاشۇ كامېردا
ل. مۇتەللىپ ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىر يازغانلىقى
تىللاردا داستان...

2009 ـ يىل 9 ـ دېكابىر، خوتەن



# ئات بازىرىدا كېتىۋاتاتتىم

ئات بازىرى[1]دا كېتىۋاتاتتىم
تۆت ئەر مۇشتلىشىۋېتىپتۇ
بىرسىنىڭ جېنى يۇمۇلاق بولۇپ
ئالىقىنىغا چىقىۋاپتۇ،
بىرسىنىڭ قېنى ئاپئاق ئاقىرىپ
يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىۋاپتۇ،
يەنە بىرسى جېنىنى
يۈرىكىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا تىقىۋاپتۇ،
بىرسىنىڭ كۆزلىرى غەزەپ بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ
يەنە بىرسى
كۆزىنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېتىۋاپتۇ
ئېتىلىۋاتقان مۇشتلار
قۇچاقلىشىۋاتقان روھلار
ھۇزۇرلۇق ئىڭراشلار
بىر قاچا ئۆلۈم
ئىسسىق، مەززىلىك...
ئاھ، خۇدا!

2010 ـ يىل 6 ـ يانۋار، خوتەن

① ئات بازىرى ــ خوتەن شەھىرىدىكى رەستە نامى

# گۈلنى پىنھان قىلىپ، غۇنچىسىن قات ـ قات قىلۇر

گۈلنى پىنھان قىلىپ، غۇنچىسىن قات ـ قات قىلۇر،
بۇلبۇلى بىچارىنىڭ كۆڭلىنى ناشاد قىلۇر.
قاشىدىن ئەگىپ ئۆتەر ئايمۇ مۇئەللەقتىن چۈشۈپ
لەۋلىرىدە مەيۇ ـ مەيخانە ھامان پەرياد قىلۇر.
ساچىنىڭ بوستانىدا ئوتلار كېيىك
كىرپىكىن قاقىپ نۆۋەر جاللات قىلۇر.
ئۆلگىلى ياتسام ئۇنىڭ قۇچاقىدا
بىر كۈلۈپ ئەجەلنى ئۇ بەرباد قىلۇر.
نە قىلاي بۇ جان بىلەن جاھاننى مەن؟
بىر ـ بىرىگە ئىككى ئالەمنى يەنە ئۆلپەت قىلۇر.
ئاھ، بۇ دەردىم كىمگە ئېيتاي، بىلمىدىم،
تەڭرىمۇ ھەم ئىشق ئۈچۈن خىزمەت قىلۇر.

2010 ـ يىل 22 ـ يانۋار، خوتەن



## قارا كۆز، هوي، هوي...

كۆڭلىكىڭنىڭ تۇگمىسىنى سىلىۋالسام بولمامدۇ؟
لېۋىڭدىكى جىنەستىنى ئۈزۈۋالسام بولمامدۇ؟
ئالتۇن ئېتىمنى كۈمۈش مەيەڭگە قېتىۋالسام بولمامدۇ؟
يوللىرىڭدا غازاڭ بولۇپ يېتىۋالسام بولمامدۇ؟
...
يوپۇرماقنىڭ شىلدىرلىغان ئۈستىڭنى كەچتىممەن
ئىككى پۇتى ئىككى ياققا ماڭغان چۈشنى كۆردۈممەن
ئۆلۈمىنى تا ئۆلگىچە كۈنلەر ساناپ كۈتتۈممەن
كونا تامنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆز ئۆيۈمگە كەتتىممەن
تاملاردىكى ئەرۋاھلارنىڭ چىرىغىدا ئۆچتۈممەن
ھەممە ئەرلەر بىر ئايالغا كىرىپ كەتكەن ئىشكتىن
سۇغا قاراپ قۇرۇپ كەتكەن تەلپۈنۈشنى كۆردۈممەن...
قارا كۆز، هوي، هوي...

2010 ـ يىل 28 ـ يانۋار، خوتەن

# يېنىمدا ئولتۇر

يېنىمدا ئولتۇر
ساڭا
ئۆمرۈمنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى بېتىدىكى قۇياش ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى
ئاسماندىكى بېشىمنىڭ يەردىكى پۇتۇمغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى
ھاياتىمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويغانلىقىمنى
ئاشۇ تۆشۈكتىن
سېنىڭ جامالىڭنى ماراۋاتقانلىقىمنى
سۆزلەپ بېرەي...

يېنىمدا ئولتۇر
ساڭا
سەن شاراب ئىچكەن چۈش قاچىسىنىڭ مېنىڭ تېنىم ئىكەنلىكىنى
لېۋىڭدىكى قىپقىزىل جىنەستىلەرنىڭ لەۋلىرىمدىكى باغدا پىشقانلىقىنى
بارماقلىرىمنىڭ ھەر بىر تال چېچىڭنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى
سۆزلەپ بېرەي...

2010 ـ يىل 29 ـ يانۋار، خوتەن



# ئەتىر كۆڭلىكنى يامىۋالغان قىز

ئاسمان يىقىلغاندا چېچىلغان يۇلتۇزلارنى
بويىنىغا مارجان قىلىپ ئېسىۋالغان قىز،
يەر تەۋرىگەندە غۇلاپ چۈشكەن ئىمارەتلەرنى
قاراڭغۇ قوشاقلىرىغا قېتىۋالغان قىز،
جەسەتلەرنى يىڭنىگە ئۆتكۈزۈپ
ئەتىر كۆڭلىكنى يامىۋالغان قىز،
بىھوش لەززەتلەرنى كىرپىك قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈپ
كۆز ياش قامچىلىرىدا ئاتلارنى ھەيدەپ
كۆزۈمنىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىكىدىن
خىلۋەت چۈشلىرىمگە كىرىۋالغان قىز...

2010 ـ يىل 17 ـ فېۋرال، خوتەن

## مەن ئۆزۈمدىن كەتمەكچى بولسام

مەن ئۆزۈمدىن كەتمەكچى بولسام
جەننەت، دوزاخ ئارىسىدا مەن...

چىرقىرىشار ئالۋاستىلىرى
ناخشا ئېيتار پەرىشتىلىرى
قىرغىن قىلار دەل ـ دەرەخلەرنى
قەلبىمدىكى يىرىم كېچىدە...

ئاز قالغاندا قۇياش بولماققا
ئۆچۈپ قالغان قارا چىراغقا
كېپەن ياپار قاپقارا ئاسمان...

مەن ئۆزۈمدىن كەتمەكچى بولسام
ئەجەل ئاتلىق ماشىنا بىلەن...

2010 ـ يىل 21 ـ فېۋرال، خوتەن



## ئاھ!!!...

مېنىڭ ئۆلۈمىمنى، مېنىڭ سۆيۈشلىرىمنى
مېنىڭ جاراھەت باسقان ناخشىلىرىمنى
ياۋايى يۈرىكىمنى، ئەسەبىي تالانتىمنى
قايتۇرۇپ بەر
يىرىم كېچىلەر
پەرىشتىلەر قاۋاپ يۈرەر
ئۇچقۇر ماشىنىلار، ئېگىز ئىمارەتلەر
قىپقىزىل پۇللىرىڭنى ئال
ئۈستۈمدىكى ئاسماننى ئېلىۋەت، ئاستىمدىكى يەرنى تارتىۋال
مەندە مەن ياشاۋاتقان شېئىرلار
مەندە مەن سۆيۈۋاتقان جانانلار
مەندە مەن ئۆلۈۋاتقان مەيدانلار
مەندە مەن بولمىغان جاھالەت
مەندە مېنى ئوقۇۋاتقان ھېكايە
مەندە مېنى قۇتقۇزىدىغان تەڭرى...
ئاھ!!!...

2010 ـ يىل 1 ـ مارت، خوتەن

# يورۇق پەسىللىرىڭنى باشلاپ كەل

يورۇق پەسىللىرىڭنى باشلاپ كەل
قاراڭغۇ قۇشلىرىڭنى باشلاپ كەل
ئۆرۈك چېچەكلىرىدىن تۆزۈپ ناز
مۇقام مەرغۇللىرىدىن قۇيۇنتاز
توغراق شاخلىرىدىن باياۋان
بوم پەدىدىن داپ
نەيدىن تېرەكلەرگە يامىشىپ
سۇنايدىن يالىڭاچ
ساتاردىن يالاڭ ئاياغ
تەمبۇردىن مىڭ قەلەندەرنى
راۋابتىن ساراڭ جىنلارنى
ئاھ!...
ئۆلۈم ھارۋىسىنى ھەيدەپ
ھارۋىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەتتە
دوزاختا ئوت قالىغلى بارايلى...

2010 ـ يىل 9 ـ ئاپرېل، خوتەن



## يۇلتۇزلار قانات قېقىشقا باشلىغاندا

يۇلتۇزلار قانات قېقىشقا باشلىغاندا
تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن چۈشۈمدىكى كارىۋاتتىن چۈشۈپ
ساڭا ياستۇقۇمدىكى دېڭىزدىن قۇرۇقلۇق ئىزدەيمەن.
باھاردىن يەلپۈگۈچ، يامغۇردىن چىراغ
سۇدىن ئەينەك، ئوتتىن تارغاق
تاغدىن چېچەكلىگەن بۆرە
باغدىن يىغلاۋاتقان سەھەر
ئۆلۈمدىن بىر ۋاراق قەغەز ئىزدەيمەن...
ساڭا مەن سۇمبۇل چاچلىرىڭنىڭ نەمخۇش شاملى
بورانلار ئېچىۋەتكەن مۇقام سۆڭىكى
ئوڭدا ياتقاندا غۇنچىلىغان ئەمچەك بارخان
ئەرۋاھ قوشاقلارنى ئاڭلىغانچە شاراب ئىچىۋاتقان تەكلىماكان
يوتاڭدىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان دەريادىن قىرغاق ئىزدەيمەن....
ئىزدەپ تاپقىنىمدا سەندە مەن
مەندە مەن يوق، يىغلايمەن!...

2010 ـ يىل 10 ـ ئاپرېل، خوتەن

## ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام

ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام
چېچىم ئۆركەشلەر شاماللارنىڭ قەلەندەرىگە
ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام...
مەندە مەندىن باشقا ھېچكىم يوق
مەندە مەندىمۇ يوق يالغۇزلۇق
مەندە چىقىپ كەتكەن ئايالنىڭ بوش كارىۋىتى
مەندە قايتىپ كېلىدىغان ئايالنىڭ زىبۇ - زىننەت ساندۇقى
مەندە كەلمەيدىغان، كەتمەيدىغان ئايالنىڭ قۇرۇپ قالماس ئىلھام بۇلىقى
سازلار ۋارقىرار قاندىن سۆڭەككە
يېتىپ بارالماس ھېچبىر كارۋان تەشنا يۈرەككە
كۆرمەس چۈشلەرنى كېچىلەردە نە قىلاي؟
قېچىپ يۈرگەن ئاسمان بىلەن ئەگەشمىگەن دۇنيانى
ئەينەك دېرىزىنى ئاچقانى، ئۆلگەن ئادەم قىپيالىڭاچ قاچقانى
سۇدىن تار ئەشكەننى، ئوتتىن ۋىل - ۋىل تۈگمىلەرنى يەشكەننى
ئاھ!...
قاراڭغۇدىن يورۇق يۈزۈم كۆرۈندى
ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام!

2010 - يىل 14 - ئاپرېل، خوتەن



# كېچە يېرىم ئاياغ

كېچە يېرىم ئاياغ
سۇلار شىرىلداپ ئاسماننى ئېغىرلىتىۋاتىدۇ
ئەسكى جىنلار قېچىۋاتىدۇ
تەڭرى قانات قېقىۋاتىدۇ
ئۆلۈم ئىشىك چېكىۋاتىدۇ
چۈشۈمدىن يالىڭاچ چىقىپ
جىنازىغا پاتارمەنمۇ؟
كۆزۈمدىن قاراڭغۇ چىقىپ
يورۇق گۆرنى تاپارمەنمۇ؟!...
جېنىم سېسىپ كەتتى،
تىنىقلىرىم قۇشقاچلاردەك
پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى...
ئەلۋىدا
يۈرەك ساڭگىلىغان شاخلاردا
ئايال غۇنچىلىغان كارىۋاتلاردا
سۆيگۈ... دېگەن دوزاخلاردا
قالغان ھاياتىم!...

2010 ـ يىل 18 ـ ئاپرىل، خوتەن

## يەكەندىكى ئايال داستان

يەكەندە بىر ئايالنىڭ سەككىز ئايمقى
قولىدىكى جامدا ئۆلۈمنىڭ قايمقى
جاراڭ - جۇرۇڭ ئىشانلىرى بار
لەۋلىرىنىڭ خانىقاسىدا...

كۆزىدىكى جام بىلەن
يۈزىدىكى ئايدىڭدا ئىچتۇق مۇسەللەس
بولدۇق مەست - ئەلەس

تېنىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئايۋاندا
ياڭرايدۇ نەغمە - ناۋا.
ئىككى پۇتى ئىككى ياقىا ماڭغاندا
ئارىدىكى دەشتى - باياۋاندا
ئاھ
كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئەتىرگۈل ئولتۇرار،
ئۇنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى
تەڭرى بىلەر ياكى بىلمەس...

بىز باشقا تامدىن ئارتىلدۇق
ئۆلۈۋېلىشقا كەلگەن بۇ ئايال،
شېئىر بولسا ئىدى، كاشكى
شېئىر بولسا
خوتەن سەھرالىرىدىكى لەيلى غەزەل



قەشقەر كوچىلىرىدىكى مەجنۇن مۇخەممەس...
ئىلاھا،
ئۆلۈمدىن بىر ۋاراق بەر
ئۇ جەننىتى رىزۋاننى
ئۇ دوزىخى شەيتاننى
داستان قىلايلى!
داستان قىلايلى!!!...

2010 ـ يىل 5 ـ ماي، خوتەن

## سەندىن كۆڭۈل تىلەيدىغان مەن

بۇ...
مەن
قارا كۆزلىرىڭنىڭ ئۇيغۇر كېچىسى
قارا قاشلىرىڭنىڭ قۇرئان تەكچىسى
قارا چاچلىرىڭنىڭ جەڭچىسى
باغرىڭنى سۇغا ئايلاندۇرىدىغان تاش ناخشىسى
سۇغا ماڭغان كۆڭلۈڭنى شەرەتلەپ
چۆلگە ماڭغان قاشتېشى.
قۇمنى بارماقلىرىڭدا
بارخان توقۇيدىغان بوران.
ئۆلۈكنى داستان قىلىپ
مۇقام ئوقۇيدىغان تەكلىماكان.
قولۇڭ تەگسە
يىغلايدىغان ساتار
بوزلايدىغان دۇتار...
ساڭا كۆڭلۈمنى بېرىپ بولۇپ
كۆڭۈلسىز بولۇپ
سەندىن كۆڭۈل تىلەيدىغان مەن!

2010 ـ يىل 28 ـ ماي، خوتەن



## هەق دوست، يائاللاھ!...

ماڭا ياتقان قۇياشتا ياتتىم
مەندە ئاققان توپاندا ئاقتىم.
ساماۋىي ئاسمان كۆنگرىگە قويۇپ
مەشرەپ كەبى ھەقكە ھامان كۈلۈپ باقتىم.
چۆلدە دىلبەر ئوڭدا ياتۇر بارخان - بارخان
جىنىمدا جان جىلۋە قىلۇر رەيھان - رەيھان.
غېرىب بېشىم، يالغۇز بېشىم، ساياق بېشىم
ئۇنى ئەجەل ھارۋىسىغا قاتتىم - قاتتىم...
پەرىشتىلەر ئۇخلاپ ياتقان ئايغىمدا
غېرىب مۇسا ھاسا قىلغان تايىقىمدا
جۇل - جۇل بولغان قەلەندەرلىك بايرىقىمدا
يەتتە ئاسمان ئىشىكىنى قاقتىم - قاقتىم...

ھەق دوست، يائاللاھ
ئىگەم مېنى
ئاپارغاندا ساتقىلى قۇل بازىرىدا
يىغلاپ تۇرار ئۇندا يارىم بىر پۇلى يوق!

2010 - يىل 12 - ئىيۇل، خوتەن

## ئۆلدىغان ئادەمەن

مېنى جاھانغا پاتقىلى قوي
ئەسكى سارايىڭدا بىر دەم ياتقىلى قوي.
ھەسرەتلىرىمنى باغلاپ ـ باغلاپ
گۈل بازارىدا ساتقىلى قوي...
كۆزۈم يار شولىسىنى ئاسمانلارغا تېگىشمەس
يۈزۈم يار جىلۋىسىنى رەيھانلارغا تېگىشمەس
ئەييۇھانناس!... سېسىپ كەتكەن جېنىمنى
ھېچكىم ئۆلمەيدىغان داستانلارغا تېگىشمەس...
نىتەي، ئۆلىدىغان ئادەمەن،
يار قېشىغا ماڭدىم دەپ
كۈلىدىغان ئادەمەن.
ئارقامدىن ئەگەشكەن ئىزلىرىمنى
قەبرەمنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ،
ئۆزۈم تېخىمۇ چوڭقۇر
تېخىمۇ زۇلمەتلىك ئىز بولۇپ
پايانسىز يوقلۇققا چۆكىدىغان ئادەمەن...
كېپىنەك توننى كىيىپ
گۈلخاندا يېتىپ،
يا بىلەن ئوقنى ئېلىپ
دۈشمەننى ئېتىپ
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا
يارغا يارايدىغان ئادەمەن...
قۇمنىڭ ئىشكىدىن كىرىپ



ئۆلگەن ئادەمدەك مىڭ ياشقا كىرىپ
توغراقتىن ساپايىنى
بوراندىن داپنى ئېلىپ
چېلىپ
ئەجەل ئاستانىسىدا
ئەشەددىي مۇقاملارغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەممەن!...
...
مېنى قات ـ قېتىغا يوشۇرغان گۈل غۇنچىسىنى
يىغلاپ ئېچىلدۇرىدىغان بۇلبۇللار،
مېنى باغلايدىغان ئۇزۇن چاچلارنى
ئۆستەڭگە تاشلاپ ئوينايدىغان سۇمبۇللار،
مېنى سۆيگۈ دېگەن ھارۋىغا قېتىپ
دوزاخقا ئوتۇن توشۇيدىغان ئاياللار
ئىككى ئالەمنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزاق يولدا
كېتىۋتقاندا
ئېيتقان ناخشامنى ئاڭلامسىلەر:
ئايارەي
يارسىز مىڭ يىل ياشىسام
ئۆتكەن كۈنۈم بىر كۈنچە يوق.
ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق...
مەن بۇ ناخشىنى بىركىمدىن ئاڭلىغان
ئىككى ئالەمنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزاق يولدا
كېتىۋاتقاندا...
كېتىۋاتقاندا...

2010 ـ يىل 14 ـ ئىيۇل، خوتەن

## ناتونۇش
(داستان)

### 1 ـ باب بۇرۇن

ئىلاھا! دىدىم ـ دە، قەلەمنى ئالدىم،
قەلبىمدە بىر زەررە شېئىر قالمىدى.
بولغاچ مەن تەقدىرنىڭ قولىدا ھەردەم
ئاھ، مېنى ئۈنىڭدەك ھېچكىم چالمىدى.
ئايال بار بولسىمۇ مەندە، يوشۇرۇن
سالدىم مەن قاتمۇ ـ قات كىيىملىرىمنى.
چۈشلەرگە لىق تولغان كارىۋاتقا قاراپ
يىغلىدىم دەھشەتلىك شېئىرلىرىمنى.
يىغلىدىم ھاياتنى ھەر كۈنى مۇڭلۇق،
يىغلىدىم ئۆلۈمنى دانىمۇ ـ دانە.
يىغلىدىم نەپرەتنى مۇھەببەت بىلەن
يىغلىدىم دەردىمنى قىلىپ يېگانە.
يىغلىدىم، يىغلىدىم، يىغلىدىم تىنماي،
يىغلايمەن، يىغلايمەن، يىغلايمەن يەنە.
يىغلىسام قەلبىمنى قۇتقۇزار شېئىر
يوق يارغا كۆڭلۈمنى قىلىپ دىۋانە...

### 2 ـ باب ناتونۇش

...
تۇغۇلغان چېغىمدا ئىدىم ناتونۇش،



بىلگەنتىم، گۈل ماڭا قالغانتى ھەيران.
ئوت مېنى قىلماقچى بولغاندا دوزاخ،
بولاتتى ئاۋۋال ئۇ بىر تامچە توپان.
تونۇماس ئىدىم مەن، قەلبىم يوق ئىدى،
ئەينەكتە كۆرۈنگەن ئۇ قايسى دەريا؟
يىغلىسام كېتەتتىم پارلاپ باھاردەك
مىڭ يىللىق يۈزۈمنى يۇيغاندەك گويا.
ئەتراپىم مەن بىلەن لىق تولغان ئىدى،
بەزىدە پۈتلىشىپ كېتەتتىم تېخى.
ئىسمىمنى چاقىرسا مېھرىبان ئانام
تاپالماي قالاتتىم بەزى ئۆزۈمنى...
ئاھ، ئۇندا باللىق قۇشقاچلار بىلەن
كونا تام تۆشۈكى، گۈللۈك مۇھەببەت.
چاچرىغان قۇملارغا يالاڭ ئاياغ ياش،
ئېشەكلەر ھاڭرىغان ساددا تەبىئەت.
ئىشتاننى سالغاندا گۈللەر قاقاقلاپ
قويلارغا لېۋىنى تۇتقۇزمىغان ساي.
چىنىگە يۈرەكنى سىلىپ ئىچكەن ئاش،
ئېرىققا پاتمىغان دەريالار، ئاي ـ ھاي...
قىزلارنىڭ ئېغى يوق گۈللۈك ئىشتىنى
غۇنچىلاپ كۆزىنى يۇمۇۋالغان قان.
كۆكسىنى قوزىنىڭ تۇمشۇقى بىلەن
سىلىغان غۇبارسىز كىچىككىنە جان.
پىت باققان يوتقاندا ئۇزاق قاراڭغۇ
تاكى تاڭ ئاتقۇچە سايرىغان دۇتار.
ئۆزىنى ئاسمانغا تاشلىغان بالا
قەدىمكى زاماندىن كەلگەن ھارۋىلار.
ئون بەش كۈن يۈزىنى يۇيمىغان كېچە
ئالۋاستى چېچىدىن بىر تال ئاق چېچەك.

كەتمەنگە پاتمىغان ئۆكتەم ئىتىزلار
ناتونۇش چۈشلەرگە يىقىلغان يۈرەك.
ناتونۇش چىرايلار، ناتونۇش ئۈنلەر
ناتونۇش يىغلىغان، ناتونۇش كۈلگەن
ناتونۇش يۇگۈرگەن كۈندۈزلەر، تۈنلەر...
موزاينىڭ كىرپىكى تۆكۈلگەن سەھەر،
تەخەيدەك سۇباتتىن قالدى كۆڭۈللەر.
يوتقاندىن مەڭگۈلۈك چىقتى مۈشۈكلەر
سۆيمەيمەن! دېگەنچە لېۋىنى سوزۇپ
يىغلاشقا باشلىدى ئىتلار، كۈچۈكلەر
مەكتەپكە ماڭدىم مەن سومكامنى ئېسىپ...

مەكتەپ ـ خەتلەرنىڭ گۈلزارلىقىدۇر
سىنىپ ھەم گۈللەرنى ئوقۇيدىغان خەت.
پارتىلار يۈزىنى يۇيمايدىغان سۇ،
كىتاب ھەم مەڭگۇ «ئا» دېگەن بىرلا خەت.
قەلەم ـ قەغەزدە ماڭغان ناتونۇش
قەيەرگە بېرىشنى بىلمەيدىغان يول.
مۇئەللىم ـ ئۆزىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ
باشقا بىر«ئۆز»نگە تاشلايدىغان قول...
ئەر، ئايال قوشۇلسا ئادەم بولىدۇ،
دوزاخ ۋە جەننەتنى ياراتتى خۇدا.
ئوتقا ئوت قوشۇلسا بولىدۇ گۈلخان،
سۇغا سۇ قوشۇلسا بولىدۇ دەريا.
مەن بۇرۇن ئۆزۈمگە دېمىگەن ئىدىم
بىرگە بىر قوشۇلسا بىر بولىدۇ، دەپ.
قەيەرگە بارىسلەر شۇ «بىر»دىن باشقا
بىر ئۆمۈر بۇ كونا ھارۋىنى ھەيدەپ؟!...



شۇنداق دەپ توۋلىدىم ئۇن يىلدىن كېيىن
مەكتەپكە بېرىپ، ئاھ، باللارغا مەن!

## 3 ـ باب كۆڭۈل

مەن خۇدا! دېگەندە، ئويغاندى روھىم
ئاندىن ئۇ يەتتىنچى ئاسمانغا چىقتى.
روھىم تۇرغان يەتتىنچى ئاسمان
شۇ ھامان مېنىڭكى قەلبىمگە چۆكتى.
...
بۇ نېمە؟ ئۆلۈمنىڭ تاغاق سۆڭكى،
بۇ نېمە؟ ياشاشقا كۆنگەن جىنازا.
بۇ نېمە؟ كۆڭۈلنى كەزگەن باياۋان،
بۇ نېمە؟ دەپتەردىن يىرتىلغان سىياھ.
ئەينەكلىك ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا
يېشىنگەن لەۋلەرنىڭ گۈلزارلىقىدا
كېپكىلەر ئوتلىغان سەبىي يۈرىكىم،
ئاھ خۇدا، كىرلەشكەن بۇ كۆڭلۈم بىلەن
ئۆكسۈپ ياش تۆكمىسەم كۆرۈنمەس ھېچكىم.
ئەڭ رەزىل بىنالار ئېگىزلىمەكتە
پەلەمپەي كۆكسۈمگە دەسسەۋاتىدۇ.
ئەڭ قىزىل ماشىنا قىزغىن بۇلاڭچى
قىزلارنىڭ كۆڭلىنى چەيلەۋاتىدۇ.
قىزلارنىڭ كۆڭلىدە ئاتتىن يىقىلسام
قىزلارنىڭ تېنىدە ھايۋانلىنىمەن.
قىزلاردىن دار ياساپ ئېسىلسام ئاڭا
تېخىمۇ ئۆلىمەن، راۋانلىنىمەن.
مەن ئۆلدۈم، دېگەندە قەلبىم مېنىڭكى
قىزلارنىڭ ئىسمىدا چۆلگە قېچىپ كەت.

قۇياشقا مىخلانغان گۈللۈك ئايۋاندا
قاراڭغۇ چۈشلەردىن قۇترار سەلتەنەت.
...
توساتتىن مەن يولنىڭ چىقتىم تېشىغا
ئەي ناخشا، كۆڭلۈمنى قايتۇر ئۆزۈمگە.
مەن شېئىر يېزىشقا يارالغان كىشى،
ئايالالار، غەزەپلىك باقمىن كۆزۈمگە.
ئۇ كىمدۇ، دەردىمنى ھارۋىغا قاتقان،
قەدەھتە قايىنغان ئاشقىنىڭ يېشى؟
ئەينەكلەر سۇنغاندا ئاسماننى ياشاپ،
يۇلتۇزلار يۈرەككە قېچىپ كەتكۈسى.
ئەڭ گۈزەل بىر ئايال تاۋۇتۇم بولسا،
ئۆلمىدىم تېنىمدىن چىقماي تۇرۇپ جان.
ئاھ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، شېرىن ئىنتىقام،
جېنىمدىن ئات مىنىپ ئۆتتى قەبرىستان.
كىرلىكتەك يىرتىلغان دەريادىن ئۆتۈپ
شامالنىڭ قانىتى بولۇپ قالدى قان.
مېنى دەپ تۇغۇلغان ئايالالار ئۈچۈن
قىلاي مەن ئۆمرۈمنى ئۇزۇن بىر داستان.
بۇ يەردە بىر قىز بار، مىللىتى ئۆلۈم
مېنى دەپ تەگرىدىن چوغ سوراۋاتقان.
بۇ يەردە بىر قىز بار، مىللىتى شېئىر
مېنى دەپ دوزاخقا ئوت قالاۋاتقان.
بۇ يەردە بىر قىزنىڭ يېرىم قەلبى يوق
دېرىزە ئالدىدا ئايدىن خىجالەت.
تېنىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ بىر قىز
مۇھەببەت ئۈستىدىن قىلار شىكايەت.
ھەممە قىز ئاخىرى بىرلا ئۆلۈمدۇر،
دەھشەتلىك مۇقامغا تاشلايدۇ تۇرمۇش.



كۆڭۈلنى دۆۋىلەپ قويار ھەر باھار
ئەتىرگۈل بەرگىدەك ھەسرەتلىك ئۈرۈش.

## 4 ـ باب قىز

ئون توققۇز يېشىمدا ئون توققۇز باھار،
ئون توققۇز باھاردا ئون توققۇز چېچەك.
ئون توققۇز چېچەككە ئېيتىپ ئەلۋىدا
يىغلايدۇ كۆكسۈمدە بىر قانلىق يۈرەك.
بۇ يۈرەك شارابقا لىق تولغان قەدەھ
بۇ يۈرەك ناخشىدا يارىلانغان گۈل.
بۇ يۈرەك سۆيگۈگە ماڭغان يولۇچى،
بۇ يۈرەك بىر قىزدا ئۆلۈۋالغان چۆل.
خىياللار يۈرەككە تاشلايدۇ ئوتۇن،
يەكشەنبە ئەزەلدىن دوزاختا تۇتاش.
ئاھ، ئۇ قىز جېنىمنىڭ جانانىسىدە
سەھەردە شەرقتىن بالقىغان قۇياش.
ئاھ ئۇ قىز كىرپىكىم ئالدىدىن ئۆتكەن
يارىدار كېيىكنىڭ ياش يۇقى كۆزى.
ئۇ كېيىك تاغلارغا قاچقاندا ئۈركۈپ
قاپقارا تاشلارنىڭ ئاقارغان يۈزى.
ئۇ قىزنىڭ ئېچىلغان دەرۋازىسى يوق
ئۇ قىزنىڭ ئەينىكى يەتتىنچى ئاسمان.
ئۇ قىزنىڭ قىز بولغان مەسۇم غۇنچىسى
قاراڭغۇ ئورماندا ھۇۋلىغان ھايۋان.
كۆڭلىكى شامالغا ئەتلەس توقۇيدۇ،
گۈل بەرگى ئىشتىنىدا سايرايدۇ بۇلبۇل.
پۇتلىرى جىرىڭلاپ قىلغاندا نەغمە
پەلەكمۇ ئۆرگىلىپ ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
كۆزىدە چۆچەكچى مىڭ بىر كېچە بار

ھەر كېچە ئۆلىدۇ بىردىن شەھرىزاد.
لېۋىدە كېپىنەك قەبرىستانلىقى
قەبرىدە جەسەتلەر ئۇنلەيدۇ ناشاد.
ئۇ قىز بىر يالىڭاچ شېئىردىن چىققان
ئۇ قىز بىر رەسىمدە كارۋاتتا ياتقان.
ئۇ قىز بىر ناخشىنىڭ قۇرىماس يېشى،
ئۇ قىز بىر ئۆلۈمگە جېنىنى چاتقان.
ئۇ قىزنىڭ چۆل بولۇپ قۇرۇغان تېنى
بىر تەشنا بۇلاقتا ئاقار بولدۇقلاپ.
ئۇ قىزنى ھەتتاكى كۆكتىكى ئايمۇ
ئوقۇيدۇ، ئوقۇيدۇ، چەكسىز دۇدۇقلاپ.
ئۇ قىزغا دۇتارنىڭ مەيلى بارمىكىن،
شاخلارنى سۇندۇرۇپ سايرايدۇ قۇشقاچ.
قارلىغاچ كېتىدۇ دەھشەتنى كېسىپ
قان يۇقى پەردىنى غۇۋا قايرىغاچ.
ئۇسسۇلغا سالىدۇ ساراڭ جىنلارنى
گۈلەخچى راۋابلار باياۋانىدا.
چۆكتۈرۈپ ئوينايدۇ مىڭ قەلەندەرنى
تەمبۇرچى مۇقامنىڭ قۇرۇق جامىغا.
ئۇ قىزدا تىنز پۈكمەس سۇۋادان تېرەك
ئۇ قىزدا چېچەكلەپ تۇرار جىگدىلەر.
ئۇ قىزدا تۇراتتى ئېيتىپ ئەلۋىدا
بىر - بىرىگە سانسىز قەبرىلەر.
ئۇ قىزدا قەدىمكى ئاپپاق سۆڭەكلەر
ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى شانلىق جەسەتلەر.
ئەڭ ئېگىز بىنالار، چوڭقۇر ئازگاللار
يامغۇردەك شارقىراپ يىغلىغان خەتلەر.
پۇللارنىڭ شاراقلاپ سايرىغان ئۈنى،
شارابلار لېۋىدە قېتىپ قالغان قان.



ماشىنا ئۆلگەن كۈن، تۆمۈردەك سوغۇق
سۇلياۋغا ئورالغان بۈگۈنكى زامان.
ئاھ ئۇ قىز... قەبرىدىن ئاتقان يېڭى تاڭ
قۇياشتىن قۇتۇلغان سەلتەنەتلىك قۇل.
ئۆلۈمگە بارمايمەن دېگەن ئەر كىشى
ئۆزىدىن ئۆزىگە ماڭغان ئۇزاق يول.
رەستىدە يالىڭاچ ياتقان ئاي نۇرى،
قاراڭغۇ يوتقاندەك مۇدھىش ۋە سوغۇق.
چۈشىدىن چىقىپلا ئېزىقىپ قالغان
ھەددىدىن تاشقىرى زۇلمەتلىك يورۇق.
مۇزىكا ئەۋجىدە لەيلەپ تۇماندەك
كۆز يېشى ئېقىتىپ ئەكەلگەن زىندان.
پايانسىز ۋادىدۇر ئۇ قىزنىڭ تېنى
باغلاردەك مېھرىبان، تاغدەك قەھرىمان.
ئاھ، ئۇ قىز قىز تۇرار قىيامەتكىچە،
چۈنكى ئۇ قەلبىمدە نۇرلانغان يوق قىز.
تۇغۇلۇپ مەن ئۆلگەن كۈنى جاھانغا
شەرمەندە يۈزۈمنى قىلغان يورۇق، قىز.
شېئىرنىڭ چېچىنى سۆرەپ كېچىدىن
ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە تىقىپ قولىنى،
قاتمۇ ـ قات ئېچىلغان گۈلنىڭ قېتىدىن
سۇغارغان بۇلبۇلنىڭ مۇڭلۇق ئۈنىنى...
يۈرەكنى مىخلاپ ھەم دەرۋازىلارغا
كۆندۈرگەن سايراشقا نازۇك چىمەننى،
پايانسىز يوتقاننىڭ قاراڭغۇسىدا
تۈگەتكەن چۈش كۆرۈپ ئۇندا بەدەننى...
جېنىنى بېرىشكە تىلەمچىلەرگە
ھەر كۈنى قۇياشقا مەجبۇرلانغان تاڭ،
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ ئويناشقا ئەرنى

گۈرلەردىن ياڭرىغان سەۋدايى ئاھاڭ...
ئاھ، ئۇ قىز، قەلبىمدە گويا ئاخىرەت
باغرىمدا تىپىرلاپ ئۆلەر رەتمۇ - رەت.
بۇلۇتى ئاسماننى قىلار ئاستىمدا
ئۇ قىزنىڭ كىيىمى گۈزەل تەبىئەت.
ئۇنىڭغا جىنمىنى بېرىپ بولالماي
ھاياتمەن ھەتتاكى مىڭ جەسەتكىچە.
ناخشامنى قەپەسگە سولاپ قويۇڭلار
سوزۇلار بۇ ئۆلۈم قىيامەتكىچە...

## 5 - باب يار

قەلبىمگە كەلگەندە يالغاچ ئىدىم
تۇراتتى كۆكسۈمدە پارلاپ كېچىلەر.
ئاسمانغا قارايتتىم، قۇياش بارمۇ - يوق؟...
بىر قەدەم ماڭمايلا ئازسا كىشىلەر.
ئەڭ گۈزەل بىر گۈلنى قىلاتتىم خىيال
ئەينەكنىڭ كەينىدە تۇرسا ئايالالار.
يار يىغلاپ تۇراتتى ئىشتان بېغىمدا،
ئەڭ ئىسسىق قان ئارا چاقنايتتى باھار.
...
يولنىڭ ئوڭ چېتىدە ماڭسام مۇلايىم
دەسسەلگەن ئەرۋاھلار تۇرماقتا قارغاپ.
ۋەھىمە يابېيشىل كۆزلۈك پاھىشە
ئايالالار يىرتىلغان يۈرەكنى ياماپ...
تاپاننىڭ ماتكىسى غايەت قىزىل گۈل
ساڭگىلاپ ئېچىلغان ئىدى ھاياجان.
كارۋاننى قوغلىغان كېسەل مۇھەببەت
مادارسىز تۈنلەرنى قىلاتتى ماكان...
ئىزىمدا قەبرىلەر پۇلاڭلىتار قول



مەن قاچان كەتكەنمەن قۇياشنى كۆزلەپ؟
يولۇچى ئۆلۈمنى كىرگۈزسەم ئۆيگە
بىرەرمۇ تەقدىردىن ھېكايە سۆزلەپ؟
ئاھ ئۆلۈم، مەن ساڭا بولدۇم ئىنتىزار
مەن سېنى ئەبەدىي دېگەيمەن جانان.
قۇلىغا ئىگىسى بەرمىسە قەلەم
نەپرەتلىك تەقدىرنى يازىدۇ قاچان؟
بۇ يولدا ئاتلارنىڭ يايلى قارا چاچ
كەتكەن چۆل ـ قەلەندەر، سەۋدايى جاھان.
ئەجەلنى ئىچىمگە قويدۇم توشقۇزۇپ
ياشايمەن ھەر كۈننى بىر ـ بىرلەپ ئاسان...
ھەر كۈنى مەن ساڭا كېتىۋاتىمەن
يېقىندا كۆرۈنگەن يىراققا قاراپ.
يەتتىنچى ئاسماننىڭ پەلەمپىيىدىن
بىر ـ بىرلەپ چۈشمەن چېچىڭنى تاراپ.
يار دېگەن دار ئەمەس دېمىدىم ھامان
مەرمەردەك تېنىڭدىن قەلبىمنى ياساپ،
مەن يازغان شېئىردا دوزاخ بارمۇ ـ يوق،
ئاھ، سېنىڭ ئىشقىڭدا تۇرسام ئوت قالاپ؟...
ئاھ، سېنىڭ ئىشقىڭ ئوت، ئىشقىڭ قىزىل ئوت
ئوتلارنى ئۇلغايتىپ تۇرغۇچى سەن يار.
جەھەننەم ئىپىنىڭ بىرىنچى كۈنى
تاۋۇتقا ئەگىشىپ كەلگۈچى سەن يار.
جۈپ چەشمە بۇلاقتىن ئوخچۇپ ئاقار قان
زەنجىرلەر تارتىلغان ئايدىن قۇياشقا.
قان يۇقى كىرپىكلەر سايرار لاۋۇلداپ
دىلدىكى ياغلىقنى قانغا بوياشقا.
مېنىڭ زار قەلبىمنى تۆگىگە ئارتىپ
يالىڭاچ چۆللەردە يۈرگۈچى سەن يار.

ئاداققى جېنىمنى تېنىمدىن يېشىپ
بىر تامچە قېنىمدا كۈلگۈچى سەن يار.
...
سەن ئۈچۈن رازىمەن مىليون جەسەتكە
رازىمەن ياشاشقا قىيامەتكىچە.
تاملارنى كۆكلۈدىن چاقاي ساراڭدەك
ئۆلتۈرەي ئۆلۈمنى مۇھەببەتكىچە.
يار!... دېگەن ئاغزىمدىن ئاقسۇن قىزىل قان
يۈزۈمنى يىرتاي ھەم كۆزلىرىڭ بىلەن.
قەبرەمدە ئۆزۈمنى يالاي مۈشۈكتەك
جېنىمنى قۇرۇتاي سۆزلىرىڭ بىلەن.
ئورماندا شاخلىرىڭ بىلەكلىرىمدۇر
ئەينەكسىز شەھرىڭگە كىرەي يالىڭاچ.
سەن مېنى ئۆلتۈرمە، سېنى دەپ ئۆلەي
قاراڭغۇ چۈشۈڭدە بولغاندا قاچ - قاچ.
مەن سېنى ئۆلۈمدەك قورقۇپ سېغىناي
مەن سېنى ناخشىدىن چىقاي قۇتقۇزۇپ.
ئاھ، سەندەك يالغۇز ھەم دەھشەتلىك مەينى
ئىچەي مەن تېنىمگە لىپلىق تولدۇرۇپ.
سەن ئوتدا ياتقاندا قۇياش بولۇپ مەن
باياۋان تېنىڭگە قىلاي جان پىدا.
يۈگۈرەي جەسەتكە كۆرگىلى سېنى
بىر سىقىم توپىغا قىلىپ ئىلتىجا...
بۇ ئالەم يار بىلەن لىق تولغان دەيدۇ
بۇ سېنىڭ يوق بولغان بارلىقىڭمىدۇ؟
يۈرىكىم يار ئۈچۈن ئۆلمىدىڭ دەيدۇ،
بۇ سېنىڭ ئاداققى يارلىقىڭمىدۇ؟
يامغۇرلار سىمىلدار تەشنالىق بىلەن
سېنى ھەر ئويلىسام زېمىندەك يېتىپ.



ئىچىمدە بولساڭ گەر تىشىمدا يوقسەن
مەن قانداق ئۆلمەن، چىقمساڭ قىچىپ.
قىچىپ چىق، بۇ يورۇق ئالەمگە ئەي يار
گۈركىرەپ چاپماقتا سانسىز ماشىنا.
قاقاقلاپ كۈلمەكتە پۇللار قىپقىزىل
شارابلار مەست بولۇپ قۇسماقتا راسا.
كيىمنى يالىڭاچ قىلغان ئاياللار
تىنىدىن زىرىكىپ سالماقتا چۇقان.
ناخشىلار يۈزىگە كەيىنى قىلىپ
ئەڭ سۈيۈق چۈشلەرنى قىلماقتا راۋان.
ئىتىزدا مىڭلىغان ئەمگەكچى خەلق
چاپماقتا كەتمەننى جەننەتكىچە تا.
يىگىتلەر قىزلارنى يىتىلەپ يۈرۈپ
كەتمەكتە كىنودەك ئۆلۈپ، ئاھ خۇدا...
قىچىپ چىق، ئىچىم بىر زۇلمەتلىك ساراي
قەبرىدە پىلىلداپ يانار غېرىب شام.
قان ـ زەرداپ ئۇسۇلغان بىر ئەسكى چىلەك
ئۆلۈمدىن ئۆزگە، ئاھ، ھىچنىمە يوق جام.
تولغاندۇر ۋەھىمە، قانلىق ئىنتىقام
ۋەسۋەسە، جىنايەت، شىئىر... ئۇنىڭغا.
ئەبەدىي ئۆلەلمەي، قانداق ئازاب بۇ
دوزاختا قىينىلىپ... نە كۈن بۇ ساڭا؟!
قىچىپ چىق، توختىما مىنۇت، سىكۇنت،
قىچىپ چىق، قىچىپ چىق، قىچىپ چىق ھامان.
سەن چىقىپ بولغاندا ئاندىن مەن ئۆلەي
ئاھ، سىنىڭ ئىشقىڭدا بولۇپ قەھرىمان!

## 6 ـ باب شىئىر

مەنكى بۇ زەھەرنى ئۆلگەندە ئىچكەن
مەنكى بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا جەسەت.

تىلىمدا ئاققاندا سۆزلەر توپانى
غايەت بىر كېمىدە ئۇخلار قىيامەت.
بىراقلا يىغلىدىم ئاسمان ۋە پەلەك
ئاھ ئازاب سەن ماڭا قەدەھنى ئۇزات.
جېنىمنى بەرمەيمەن ياردىن بۆلەككە
تۇپراققا ئاداققى تىنىقىمنى چات.
ئېزىقىپ يۇرمىسەم تاپالمىدىم يول
چۆل دېگەن ئايالنى مۇقاملارغا سات.
يالىڭاچ بولغۇچى كۆرسەت ئۆزۈڭنى،
تېنىڭدە كولانغان لەھەتلەردە يات...
ئۇ كۇنى چۈشىدىن ئويغاندى كارىۋات
ئۇ كۇنى ئەتىرگۇل كېسەل مۇھەببەت.
قۇياشقا بېرىلگەن ئاخىرقى تۇندە
كۆزۈمدىن باشلاندى قاپقارا زۇلمەت.
تۆشۈكلەر ئېچىلدى يېرىم كېچىگە
ئارقىسى تارتىلدى ئالدى تەرەپكە.
يىغلىدى قايغۇدىن ئېگىز ئولتۇرۇپ
بىلمىدى، بىلمىدىن قايتىپ ئەدەپكە.
ھەر يەردە بىر يەرنىڭ تاش ـ تۇپراقلىرى
ھەر كىمدە بىر ئادەم كۆتۈردى چۇقان.
ئۇ دېدى: سەن پەقەت كەتكىن ئۆزۈڭگە،
پەقەتلا كەتمەسلىك يولدۇر ئەڭ راۋان.
ئەينەكلەر چاققاندەك ئاسمانلىرىنى
يىرتىلغان قىز دېدى شېئىر ئۆزىنى.
قاغىلار چوقۇلاپ بىر جۈپ كۆزىنى
قانلارغا بويىدى ئاپپاق يۈزىنى.
قانلارنىڭ ئىچىدە بېلىنى تولغاپ
كۆز يېشى كۆلەتتى شاللاق ھەم رەسۋا.
ئورنىدىن تۇراتتى بىردەم يۇگۇرۇپ



يۈكۈنۈپ كېلەتتى دارنىڭ ئالدىغا:
ھەيرانمەن دار سېنىڭ ئېگىزلىكىڭگە
ساڭا كىم ئېسىلىپ ئاسماندا ياشار؟
نېچۈن بار قىلىشقا كەلگەندە ئۆلۈم
ئۇيۇقتا لەپىلدەر يەنە بىر باھار؟
بۇ ئورمان كىملەرنىڭ يۇت ـ قوللىرىدۇر
بۇ جاڭگال قەيەرگە كېتىۋاتقان جان؟
ھۇ!... دېگەن قايىسى چۆل بەدىنىمدىكى
خۇدا دەپ قەلبىمدە ئىگرىسا ئىمان...
خىيالنىڭ تۈكلىرى ئۇزۇن ۋە قارا
قۇرتلار چېچەكلەر ئارمانلىرىدا.
ئەڭ خۇشال قايغۇلار يارنى سېغىنار
كۆكۈلنىڭ قاراڭغۇ ئايۋانلىرىدا.
دەريامۇ يىغلىغان شىلدىرلاپ ئەبەد
پەقەتلا بىر پارچە قول ياغلىق ئۈچۈن.
ئەبەدىي يېزىلماس مىسرالار ئارا
تۇردۇمۇ ئالەمنى قارغاپ مەن بۈگۈن.
ئاسمانلار ئۆلدۇ قەپەستىن چىقىپ
چىقمىسۇن شۇڭلاشقا دىلدىن شېئىرمۇ.
بىلمەيمەن، بۇنى كىم ئېيتقاندۇ ماڭا،
ئۇنتۇشلار ئاقۋەت شۇنداق ئېغىرمۇ؟
مەن چەككەن بۇ ئازاب، ھەسرەت ـ نادامەت
مەن تۇرغان يالىڭاچ، سۇرگەن پاراغەت،
مەن تۇتقان ئاتەشلەر، ماڭغان نەپەسلەر
مەن تۇرغان ئۆلۈكلەر، كەتكەن ھەۋەسلەر...
كىرلەشكەن ئاخشاملار، جىنلار، باللار
كىتابلار، ئۇرۇشلار، قانلار، چېچەكلەر،
ئوق ئاتقان گۈللەر ھەم شېھىد يۈرەكلەر
كىرپىكلەر، بارماقلار، قوللار، بىلەكلەر...

دەھشەتلىك تۇگۈلۈگلەر، قىزغىن يىلانلار
ئاي ئۆچكەن يۇلتۇزلار، پەشتاقلىق دىللار
ھەممىسى يالتايغان شېئىر بولۇشتىن
قالمىغان بىھېساب، چەكسىز ۋە غايەت...
بولۇشتىن بولماسلىق شۇنداق خۇشالمۇ
مەن قاچان بولمايمەن، چاۋاك چالىمەن؟
مەن قاچان مەن ئەمەس، قاچان ھېچقاچان،
جېنىمنى ئۆلگەندەك يولغا سالىمەن؟
ئەرشتىن ساڭگىلاپ تۇرار يالغۇزلۇق
بۇ گۈلنى تاشلىدى زېمىنغا ھېچكىم.
قۇتۇلۇپ ئۆلگەندە ئادەم بولۇشتىن
تۇپراقنى يېتىلەپ يۈرەتتى ھەر كىم.
سورىدىم: قەيەرگە بارىدۇ تۇپراق،
قويساڭچۇ سەن ئۇنى ئۆلۈكتە بىردەم؟
دېدى ئۇ: زېمىننىڭ دەسمايىسى ئۇ
ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن ياسىلار ئادەم...

## 7 ـ باب شائىر

بەش يۈز يىل بۇرۇنقى سايرىغان قاغا
نەقەدەر قارىسەن، نەقەدەر ئۇزاق؟
چۈش كۆرگەن كارىۋاتلار قويقاندا سەندىن
قەلبىڭدە پارلىغان ئۇ قانداق پىراق؟
ئاسماننى قانىتىڭ ئاستىغا ئېلىپ
تۇرىسەن تېرەكنىڭ ئۇچىدا زۇلمەت.
سېنى بۇ كېچىلەر قانداق ئايرىغان
تالۇ ـ تال چاچلاردىن ئەبەدىل ـ ئەبەد؟
بۈزدى بۇ زەھەرنى كىمنىڭ ھەسلى،
بىر قەدەھ يىغلاپلا مەست بولدى شاراب.
ئۆلۈشكە تاشلىغان ھەر بىر قەدەمنى



ئاستا، ئاھ، بەك ئاستا تۇرماقتا ياشاپ.
مەن ساڭا ئېيتىمەن تۇغۇلغىنىمنى
ئۆلۈمدىن ئۆلۈمگە يۈگۈرگىنىمنى.
مۇھەببەت دەردىدە شېئىرغا كىرىپ
ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە تۆكۈرگىنىمنى...
ھەر قاچان بولسىمۇ بولىدىغان ئىش
تېخىچە بولمىغان قەبرىسىزلىكىم،
ئاھ، پۈتكۈل ئايالغا قىلىپ جان پىدا
سۆيگۈسىز دۇنياغا يۈكۈنگىنىمنى...
ئۆلىمەن، ئۆلىمەن... دەپلا ياشىدىم
ماشىنا غۇيۇلداپ ئۆتەر ئۈستۈمدىن
بىنالار بېشىمدا تۇرار قەد كېرىپ
بەك ئېغىر كېسەلمەن پانىي ئالەمنىڭ
نازۇك ۋە ئۇياتلىق بەدىنىدىكى،
يامغۇرلۇق خىيالدىن كېچىپ ئۆتىمەن
ئاھ، بىرلا كارىۋاتلىق قەبرەمدە يېتىپ
ئۇ يورۇق دۇنيادىن كىمنى كۈتىمەن؟...
باھارنىڭ قايغۇلۇق بىر ئەتىگىنى
بىلمەيمەن، شېئىردىن باشقا بىر ئايال.
يۈزۈمنى سىلىغان يوپۇرماقلىرى
كۆڭلىكى ئاستىدىن چاقىرغان خىيال...
بۇ مېنى ياشاشقا ئەۋەتكىنىڭمۇ،
ئەي تەقدىر!... دەيمەن ـ دە بەزى ۋارقىراپ.
مەن ئەمدى ئەينەكلەر ھەققىدە سۆزلەپ
كۆكتىكى دەريانى ئاقاي شارقىراپ.
سۆزلەرمۇ ئورنىدىن قوزغالسۇن ئەمدى
تۈك باسقان كېچىلەر كەتكەن شەپەقتە.
ھاياتىنىڭ قاراڭغۇ ۋاگونلىرىدا
ۋاقتىنىڭ قۇيرۇقى ھۆلدۇر ھەمىشە.

ئولتۇرۇپ تەبەسسۇم گۈللۈكلىرىدە
ئەسلەي، ئېھ، ئۆتمۈشنىڭ تاملىرىنى مەن.
تاملارنىڭ چاچلىرى كىمنىڭ قولىدا،
شەپقەتسىز ھېسسىيات سەۋەبى بىلەن؟
ئا. ئۇيغۇر سولانغان تۇرمىنىڭ تېمى
سوقۇلغان قاتمۇ ـ قات يورۇقلۇق بىلەن.
ئۇندىكى ئەڭ يورۇق تاملىق كامىردا
ئۇ شېئىر يازاتتى خۇشاللىق بىلەن.
لۇتپۇللا سولانغان تۇرمىنىڭ تېمى
سوقۇلغان ئىدى گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن.
ئۇندىكى قىزىلگۈل تاملىق كامىردا
ئۇ شېئىر يازاتتى قىزىللىق بىلەن.
ئاھ، مېنىڭ تۇرمەمنىڭ بىرمۇ تېمى يوق
تامغا شېئىر يېزىشتىن ئۆزگە مەن نېمە؟
خەلقىمنىڭ ئالدىدا مەيدەمنى كېرىپ
ئەمدى نە يۈزۈمدە قىلاي تەنتەنە؟!...
ھا، ھا، ھا... ياق، ياق، ياق... مېنىڭ خەلقىم مەن
مەن مېنىڭ خەلقىدۇر گويا شېئىردەك
ھەر كۈنى ئۆلسەممۇ قالمايمەن تۈگەپ.
ئۆلۈكۈم ئۇچرايدۇ قەدەم ـ قەدەمدە
ئۆلىمەن، ئۆلىمەن ھەسسە ـ ھەسسىلەپ.
ئۆلۈشنىڭ بۇ قەدەر ئالىيجانابلىقى
ئۆلۈشنىڭ چىنلىقى، گۈزەللىكى ھەم
نەقەدەر يۈكسەكتۇر ئۆلتۈرۈشتىن، ئاھ!
ئەگەردە يەنە بىر ياشىغان بولسام
قىلاتتىم چوقۇمكى ئۆلۈمنى پاناھ
شۇ چاغدا ئەشەددىي ئاسىي ئاتالدىم
بولمىغاچ تۇرمەمنىڭ بىر تالمۇ تېمى.
ئۆلگەچ مەن ھەر كۈنى سانسىز ـ ساناقسىز



شۇ قەدەر قىزغىن ۋە شۇنچە سەممىي.
مەيلىلا، ئالدىمدا يول يوقتۇر مېنىڭ
كەينىمدە بىر تالمۇ قەبرە قالمىغان.
كۆتۈرۈپ بىر ئۆزۈم جىنازامنى مەن
شەمۇ ـ شە، دەشتمۇ ـ دەشت يۇرەي سەرگەردان.
يار دېسەڭ يالغۇز بول دېدى بىر كىتاب
نەكى، كىم يالغۇزدۇر خۇدادىن بۆلەك؟
كېلىڭلار، دۇنيانى تېپىۋېلىڭلار
يېرىلىپ كەتمەكتە مەندىكى يۈرەك...

## 8 ـ باب  هېچكىم

بۇ بوشلۇق، مەنىسىز تىل ئۇستىدىكى
چۇشتىكى جاڭگالدەك كۆرۈنەر غۇۋا.
هېچكىم يوق ئولتۇرغان ئورۇندۇقلاردا
كىم ئاستا ئورنىدىن تۇرماقتا ئالغا!...
ئۇھ!... مېنى ئاتاشتىن قىلىڭلار جۇدا
مېنى بۇ ئىسمىمدىن قىلىڭلار ھالاك،
تېنىمنىڭ نۇرانە پەزىلىتىنى
قاراڭغۇ كىيىمدىن قىلىڭلار يىراق.
مېنىڭ بۇ دەھشەتلىك نامۇ ـ ئەمالىم
قۇرتلاردەك ياشاشقا قىلماقتا مەجبۇر.
تېرەمنى سالماقتا ئىدىم تاڭغىچە
گۆشۈمنى ئىشقىمغا قاقلاپ بەھۇزۇر...
تېز پويىز كەلمەكتە ئاق سۇتنى ئېلىپ
كەتمەكتە بۇ يەرلەر ئادەمسىز يەرگە.
ئورمانلار يولۇچى بولۇۋالماقتا
ئايالالار ئورنىدىن تۇرماقتا ئەرگە.
ئىشتانىنىڭ بېغىدا باققان بالىلار
مۇھەببەت ئالدىدا قالار ئىشتانسىز.

بىلمەيدۇ شېئىرنى مەڭگۈلۈك ماكان
كېچىدە تېنىدىن قېچىپ چىققان قىز.
قۇم كۆچۈپ، مۇقامنى ئېلىپ كەتكەن ئاي
يۇلتۇزغا سۆزلەيدۇ قايسى دەريانى؟
سالىدۇ توختىماي كىيىملىرىنى
كۆرسەتمەك بولۇپ ئۇ شەرمى ـ ھايانى.
بىلمىدىم بۇ قارلىق كېچىدە ئۆلسەم
مەن ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدىغان تاغ...
چۆلنى بىر بۇلاققا قاندۇرغان جەرەن
قەبرىدە سۆڭەكچى ياندۇرغان چىراغ...
ئاھ خۇدا!... مەن خۇدا دېگەندىن كېيىن
يوقىلىپ كەتسەم، ئاھ، يۇمشاق ۋە شېرىن.
بولمىسام تۈنۈگۈن ئولتۇرغان يەردە
لەۋلەرگە چىشمنى قانىتىپ شېرىن...
بولمىسام كىتابنىڭ گۈلزارلىقىدا
گۈللەرنىڭ بەرگىدە كېپىنەك جەسەت.
بىلمىسەم تېنىمنىڭ قايسى يېرىدە
ماڭا بۇ ھاياتنى بەرگەن تەبىئەت؟!...
شۇ چاغدا ئاستىمدا ئۇچقۇر ماشىنا
قولۇمدا يالقۇندەك ھارارەتلىك پۇل.
شۇ چاغدا پۇتلىرىم ھەر بىر مۇقامدا،
يۈزلىرىم ئاسمانغا قارايدىغان قۇل...
شۇ چاغدا پىت باسقان قەبرىستانلىقىم
ئەرۋاھلار ئاقرىپ ئوينايدىغان توي.
شۇ چاغدا بۇ چاغدىن بەكمۇ يىراقتا
بىر قەدەھ شاراب، ئاھ، شېرىن ۋە خۇشبۇي...
مېنى مەن بىر پىچاق بىلەن ئۆلتۈرمەس،
ئۆلتۈرمەس سىرتماق ھەم ھەتتا ئوق بىلەن.
ئۆلتۈرمەس بىر شانلىق كىشى ھەتتاكى



گويا شان ـ شەرەپتەك سالغانچە سۈرەن...
مېنى سۆز ئۆلتۈرەر، سۆزسىز ئۆلتۈرەر
ئۆلتۈرەر، ئۆلتۈرەر، چەكسىز ئۆلتۈرەر.
مەن سۆزلەر ئىچىدە سۆزلەۋاتقاندا
ئۆلۈمنى ياشاشقا شېئىر كەلتۈرەر.
ئۇ شېئىر سۆزلەرنىڭ خانىقاسىدۇر،
سەجدىدە كۈپرىدىن قايتماس خيالى.
ئۇ شېئىر سۆزلەرنىڭ رەھنەماسىدۇر
قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھېچ يوقتۇر ئامالى.
ئۇ شېئىر سۆزلەرنىڭ قاتىلى گويا
توپلىشىپ ئۆلىدۇ كىتابتا خەتلەر.
ئۇ شېئىر سۆزلەرگە چۆمۈلگەن دەريا
ئىچىدە چۆل بولۇپ كەتكەن جەسەتلەر...
ئۇ شېئىر ھېچنېمە سۆز بولمىغاندا
بەلكىم ئۇ شېئىرنى يېزىۋاتقان مەن.
بىر سۆزدىن بىر سۆزگە كېتىۋاتقاندا
ئۆلۈمدىن ئۆلۈمگە قېچىۋاتقان مەن...
ھازىر مەن قۇتۇلغان شېئىر يېزىشتىن
ھازىرقى مەن بەلكىم بۇرۇن يوق ئىدىم.
كىمكى بىر نامەلۇم دۇدۇقلىغاندا
دەڭلار بۇ شېئىرنى يازمىغان ھېچكىم!

## 9 ـ باب ئۆلۈش

ئاداققى بىر شېرىن تىنىقتىن كېيىن
گۈزەل بىر شېئىردەك ئاخىرلاشتى تەن.
تۈگىدى سۆزلەرمۇ شارابتەك گويا
يېپىلدى ئۈستۈمگە ئاپئاق بىر كېپەن.
مېنى كىم ئۆلتۈردى، ئۆزۈممۇ، ئەمەس؟
خەير! دەپ باشلانغان بىر بەت سالام خەت؟!

باھارنىڭ بىر تامچە ئىللىق يامغۇرى،
ئىچىمدە تۇغۇلغان چاغدىكى جەسەت؟
ئەزەلدىن مەندىكى يوشۇرۇن كېسەل،
بىنانىڭ ئۇنىنچى قەۋىتى ياكى؟
ئارغامچا، بىر پاي ئوق، پىچاق يا زەھەر،
خۇددى يوقاتقان ماشىنا چاقى؟...
مۇھەببەت، قاتىللىق، ئۇرۇش، يەر تەۋرەش
ئوت كېتىش، سۇ بېسىش، قورقۇش، ۋەھىمە؟
بىر دەھشەت ئىنقىلاب، ساندۇق ـ ساندۇق قان،
چىرايلىق ئايالالار قىلغان تەنتەنە؟!...
مېنى كىم ئۆلتۈردى، ئۆلتۈردى مېنى
شادلىقمۇ، يا ئۇنىڭ ئازابلىرىمۇ؟
ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرىدىغان
ئەزرائىلنىڭ ئەسۋابلىرىمۇ؟!...
مەن ئۆلدۈم... سوراشلار سوئاللارنى
مەن ئەمدى سىلەرگە بەرمەيمەن جاۋاب.
سىلەر مېنى كۆرەلمەيسىلەر
سىلەرگە مەن مەڭگۈ تۇرىمەن قاراپ.
ئىسمىمنى ھەر قانچە چاقىرساڭلارمۇ
ھە!... دېگەن ئاۋازىم كېتەر ئەبەدكە.
چىلايدۇ پەرىشتە قاناتلىرىنى
سىلەر گۆش يېمىگەن سېسىق جەسەتكە.
مەن ئۆلدۈم... سىلەرنى قىلىشقا ئۆلۈك
مەن ئۆلدۈم... سىلەرنى تۆگىتىشكە يەپ.
يەنە يۈز مىڭ يىللىق دوزاختىن كېيىن
(ئىچىم بىر جەننەتتۇر) تىرىلىڭلار دەپ...
...
سىلەر ھېچ قورقماستىن تىللاڭلار ئەمدى:
ئىدى ئۇ بىر مەجنۇن، ئاشىق قەلەندەر.



ئۇ شېئىر يازاتتى يارنى ئۆلتۈرۈپ
ۋۇجۇدى بايراقتەك ھەردەم لەپىلدەر.
ئىچىدىن چىقاتتى گويا ئۆلۈمدەك
تېشىدا تۇراتتى دائىم بىز بىلەن.
ئايالنىڭ تېنىنى سىزاتتى تاڭغا
ئۆزىنىڭ چۈشىنى كۆرمەيتتى قەستەن.
ئۇ ھامان ئۆلمەكچى ئىدى كۈندۈزدە
ياشايتتى شۇڭلاشقا يېرىم كېچىنى.
تېنىنى سۈندۈرۈپ قىلاتتى ھاسا،
تالاغا قوغلايتتى ئۆيىنىڭ ئىچىنى.
ئۇ دەھشەت قارىغۇ ئىدى قۇياشتەك
ئۇ زۇلمەت گاس ئىدى ئايسىز، يۇلتۇزسىز.
ئۇ ئىدى ئەڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك گاچا
ئۇ ئىدى ئۆزىگە ئەگەشمىگەن ئىز...
تىللاڭلار: كارىۋاتنى قىلاتتى سەرسان
ئوتنى گۈل ئىچىدە ئېچىلدۇراتتى.
يالىڭاچ يىغلىسا ئايىنىڭ شېخىدا
قەلبىنى شېئىرلار كۆرۈپ قالاتتى.
خەتلەرنى كىتابتىن قوغلىۋەتتى ئۇ
ئۇرۇشلار توختىسۇن دېدى تارىختا.
مېنى كىم ئۆلتۈرسە يارىمدۇر دېدى،
ئۇ ئۆلدى ئاخىرى، كەتتى يارىغا!...

## 10 - باب كېيىن

خۇشاللىق، تەنتەنە، بۇرچ ۋە ۋىجدان
ئار - نومۇس، شان - شەرەپ، غەزەپ - نەپرەت ھەم
رەزىللىك، چۈشكۈنلۈك، سۆيگۈ ۋە قىساس...
يوق
گوياكى چىندەك پاكىز بىر ئالەم

تۇراتتى ئالدىمدا پىچىرلاپ ماڭا:
سەن كىم دەپ سورىسا دېگىن مەن ئادەم
ئۆلۈشنى بىلمەيمەن تۇغۇلمىغاچقا
ئىسمىمنى بىلمەيمەن چاقىرمىغاچقا
كۆرمەيمەن تېنىمنىڭ يالىڭاچلىقىنى
قەلبىم يوق ھەتتاكى ئۆزۈم ياتقۇدەك
بۇ ئالەم پەقەتلا مەنلا پاتقۇدەك
بىلمەيمەن، بىلىشتىن نۇرغۇن ئىلگىرى
ھازىرقى بۇ يەردە تۇرغان ھېچكىممەن...
يەنە بىر ئالەملىك ئەلمىساقتىكى
ئەگەردە ئىككىنچى ئادەم بولسام مەن
قوۋۇرغامنى ئوبدان ساقلايمەن
مەڭگۈلۈك پايانسىز ئادەم بولغىلى
ھەر يەردىن كېلىپ مەن ماڭا تولغىلى
ئېتىمەن مەڭگۈلۈك قۇلاقلىرىمنى
سۆزلەشكە باشلىسا ئايال قوۋۇرغام...

يەنە بىر ئادەم ـ ئۇ چوقۇم مەن ئەمەس!
...

2010 ـ يىل 18 ـ ئىيۇل، خوتەن





# يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار

1

باغلار كاككۇك، چېچەكلەر دەريا
سۇلار ئاقار مامۇق بەدەندە.
ئۇسسۇل ئوينار دەشتى ـ باياۋان
جەندىسىنى تاشلاپ چىمەندە.
كىرپىكلەردىن ئۇزۇن كېچىگە
كارۋان تارتىپ ماڭدى كۆك ئاسمان.
ھەسرىتىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ
ناخشا ئېيتار غەمكىن بىر جانان.
يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار
يالغۇز يۈرەك ئاتنى قامچىلار...

2

ئەينەكلەرنىڭ ئاسمانلىرىدا
چاقنار يارنىڭ ھۆسنى ـ جامالى.
ئەينەكلەرنىڭ دەريالىرىدا
ئاقار يارنىڭ دەردى ـ خىيالى.
ئەينەكلەرنىڭ ئېتىزلىقىدا
پورەكلىگەن بىر تال قىزىل گۈل.
ئۈزۈش ئۈچۈن ئاشۇ گۈلنى، ئاھ
پارە ـ پارە سۇندى بىر كۆڭۈل.
يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار
يالغۇز يۈرەك ئاتنى قامچىلار...

**3**

غېرىبلىقى چۆلنىڭ بىر كۆڭۈل
شىلدىرلايدۇ دەردى ـ بالالار.
ئەجەل كەلگەن ساماۋىي پەلەكتىن
جاراڭلايدۇ ناخشا ـ ناۋالار.
يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار
يالغۇز يۈرەك ئاتنى قامچىلار...

2010 ـ يىل 21 ـ ئاۋغۇست، خوتەن



## يىغلىدىم ئاسمان ـ پەلەك

1

چاچلىرىڭنىڭ چۈشلىرىنى قاپقارا بوستان قىلاي،
كىرپىكىڭنىڭ ھەر تېلىنى بىر بۈيۈك كارۋان قىلاي.

مەي ئىچىپ غۇنچە لېۋىڭنىڭ باغىدا بۇلبۇل بىلەن
يەتتە ئىقلىمغا مۇھەببەت ھەققىدە داستان قىلاي.

ئاھ، يېتىپ ئوڭدا، پەلەكنى يەرگە تەلمۈرتكەن تېنىڭ...
مەن چېقىپ ئەينەكلىرىڭنى يەتتە قات ئاسمان قىلاي.

قاپقاراڭغۇ كۆزلىرىڭدىن مارىغان كۆڭلۈم مېنىڭ،
ئۇندا يۇلتۇزلارنى تال ـ تال، ىىقارار مارجان قىلاي.

ئۆلتۈرۈپ ئوينايدىغان بۇ جان سېنىڭدە ئىختىيار،
بىر قېتىم ئۆلتۈر، ئۇنى مەن مىڭ قېتىم قۇربان قىلاي.

2

مەن ئۆلۈپ تۇپراققا كىرسەم يەرۇ ئاسمان يىغلىشۇر،
ئىزلىرىم قالغان ئۇيۇقتا گۈل ـ گۈلستان يىغلىشۇر.

ئاي خىيالى ياغقۇسى يار ساچىدىن يامغۇر بولۇپ،
چېھرىدە كۆيگەن شەپەقتە لالە ـ رەيھان يىغلىشۇر.

قان ئىچەر پەريادىدىن سۇ چۆلمۇ ـ چۆل پىيالىدە،
كىرپىكى مۇقام چېلىپ دىۋانە، سۇلتان يىغلىشۇر.

ئەل جىنازامنى ئېلىپ ماڭغاندا يارنىڭ قەلبىگە
جەننىتى ـ دوزاخ ئارا تامامى ئىنسان يىغلىشۇر.

ئوق ئېتىپ ئەينەككە گۈللەر ئۆلتۈرەر رۇخسارىنى،
شاخلىرىن قايرىپ سابا، يازۇ ـ زىمىستان يىغلىشۇر.

ئۆز ۋۇجۇددىن تېشىپ، ئۆركەش ياساپ، مەرغۇللىنىپ
شائىرى، هاپىز، سوفى... قىسسەئى ـ داستان يىغلىشۇر.

ئەي غوجى سەن ئۆلمىگىن، ئۆلتۈر ئۆلۈمنى نەزمىدە،
ئۇندا سەندىن تائەبەد كەتمەس شەرەپ ـ شان، يىغلىشۇر.

3

ئۆلگىنىم ئۆلگەن دېدىم، ئۆلدۈم مۇهەببەتكە قەدەر،
ئۆلدۈما، ئۆلدۈم هامان... غوجىمۇهەممەتكە قەدەر.

ئۇندا يار قەبرەم بېشىدا زارۇ ـ زار يىغلاپ تۇرار،
بەرق ئۇرۇپ دوزاخكى گۈلزارى ـ جەننەتكە قەدەر.

كىرپىكىدىن تامچىلاپ چۈشتۈم پىراقنىڭ بەرگىگە،
ساچىدىن ئەشتىم خىيال ئاشكارا زۇلمەتكە قەدەر.

مەڭزىدىن بولدۇم راۋان گۈلبەرگى جەندەمنى كىيىپ،
كۆزلىرىدە بىر كېچە قوندۇم، باراۋەتكە قەدەر.

ئاھ ئۇرۇپ ئويغاندى تاڭ قايرىپ يۈزىدىن پەردىنى،
يورىدى رۇخسارىدىن قەلبىم جاھالەتكە قەدەر.

تىرىلىپ ئۆلمەككە ئۆلدۈم، ئۆلگىلى سۈردۈم نەپەس،
بۇ نەپەس قىلغاي داۋام ئەمدى قىيامەتكە قەدەر.



ئەي غوجى ئۆلگىن، غەزەلدۇر ئەھلى ئىشققا بۇ ئۆلۈم،
پىر نەۋايى، مەشرەپى، مەنسۇرى، فۇرقەتكە قەدەر.

4

يەتتە يەر ۋە يەتتە ئاسمان كەلدى، جانان كەلمىدى،
گۈلگە ئەنبەر قوشتى ھىجران، يىغلىدى قان، كەلمىدى.

سايرىدى بۇلبۇل يۈرەكتە، نە ئىبتەي پەريادىلەر،
ۋەسلىنى گۈل يادى ئەيلەشكە زىمىستان كەلمىدى.

باغرىمە كىردى قۇياش ئاينىڭ پىراقىدا جۇنۇن،
ئەمدى نە مەن قاپقاراڭغۇ تۈن ـ گۆرۋستان، كەلمىدى.

ئىبىتتى: پارە ئەيلە، كۆڭلۈڭ پەردىدۇر يار چېھرىگە،
نە ئىبتەرمەن تۇرسا كۆڭلۈم ئەسلى ۋەيران، كەلمىدى.

ئىبىتتى: تەن ۋە تەن قوشۇلسا ۋەسلى جەننەت شادىدۇر،
دىلدا دوزاخ يانمىسا نە ئەمدى جەۋلان، كەلمىدى.

ئىبىتتى: ئىشقىڭنى نىگارغا قىل ئۆلۈپ ئىزھارى سەن،
نە تىرىكمەنكى، تېنىمدە قالمىدى جان، كەلمىدى.

باق غوجى، نە بۇ ئويۇن، نەكى مالامەت بۇ ئىشق،
ئۆلگىلى ماڭغان ئۆلۈمنى قىلدى قۇربان، كەلمىدى.

5

تاغ ـ دالالاردىن قەسەمكى، تاش بىلەن تۇپراق بۇگۈن،
تاش بىلەن تۇپراقتا دەردىم تۆككىنىم خوپراق بۇگۈن.

سۇ بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈپ مەن بولغىنىم دەريا قېنى؟
ياشلىرىمدا ئۈزگىلى دەردىم مېنىڭ قولۋاق بۇگۈن.

يغلىشار بارماقلىرىمدا جەم بولۇپ رەت ـ رەت ئۆلۈم،
قاپقاراڭغۇ چاچلىرىڭدا كىشىنسە تارغاق بۇگۈن.

ئوڭدا ياتقان كۆكرىكىڭدە چۇش كۆرەر بارخانىلەر،
مەن جىنىڭنىڭ ئالمىسىنى ئۈزگىلى ئامراق بۇگۈن.

غۇنچىلاشقا كىندىكىڭدىن ئاھ ئۇرۇپ قاچتى كىيىك،
ھەسرىتىم ئىشقى ـ مۇھەببەت كۆكىدە بايراق بۇگۈن.

كىرپىكىڭنىڭ كەينىدە بىر ئوۋچى ماراپ ئولتۇرار،
ئاھ، ئۇنىڭ ئوقياسىدىن مەست، يۈرىكىم ئويناق بۇگۈن.

خەلقى ئالەم دەر: غوجى يارىڭ كىلۇر بىر گۈل بولۇپ،
گۈل تۆۋىدە ئولتۇرارمەن تاڭغىچە ئويغاق بۇگۈن.

6

يىغلىدىم ئاسمان ـ پەلەك، تۇپراق ئاتامغا مەن كىتەي،
تۈن بويى دەردىم بىلەن ئويغاق ئانامغا مەن كىتەي.

چۆل ھامان پالار سەنەمگە مەن غىرىب بىچارىنى،
ياردىن بولغان جۇدا جۇل ـ جۇل مۇقامغا مەن كىتەي.

كۇللى يەرۇ مەۋجۇدات روھىمدا رەت ـ رەت ئولتۇرۇپ
نۇش ئىتىپ تۇرغان ئەجەل پەيۋەستە جامغا مەن كىتەي.

يەتتە دوزاخ لەۋزىدىن قەلبىمدە گۈلخان ياندۇرۇپ،
دىلدا جەننەت كۈلكىسى ئاققان كالامغا مەن كىتەي.

دەيدۇ كىم: ھىجرانى ھەقنىڭ تەندىكى جانىڭ سىنىڭ؟
ئاھ، يىشىپ بوينۇمنى داردىن، قەتلىئامغا مەن كىتەي.



**باغدىن بىر باغ ئەجەلنى باغلىدى خوش، مەرھابا،**
**قەبرىلەر چۆككەن ئەبەدلىك ئېھتىرامغا مەن كېتەي.**

**ئەي غوجى ئېيتقىن: ئەبەدلىك تەختىدە ئولتۇرغىلى،**
**ئەسسالامدىن ۋەئەلەيكۇم ئەسسالامغا مەن كېتەي!**

2010 ـ يىل نويابىر، خوتەن

## شېئىردىكى كېچىلەرنىڭ بىردە

شېئىردىكى كېچىلەرنىڭ بىردە
مېنى كۆرگەن چۈشۈمدىكى پەرىشتە
مېنى مۈشۈك يالاۋاتقان بىر ئايال
مېنى ئۆلۈك تاراۋاتقان شۇم خىيال...
قاتار - قاتار قەبرىلەر
كېتىۋاتقان سەپ تارتىشىپ ئاسمانغا
تەمبۇر، ساتار... سېتىۋاتقان داستانغا
جالدۇر - جۇلدۇر قىزىل گۈل
ئەرۋاھلارنىڭ تەكلىماكانى
يورۇق جىنلار ئېيتىۋاتقان مۇقاملار...
يۈز مىڭ يىللىق جەسەتتىكى جاھالەتلىك زاماندا
مېنى دارغا ئېسىۋاتقان جامائەت
ئاھ، نە ئازاب، ئاھ نە ئۇزاق بۇ سۆيگۈ
ئۆلۈكۈم
ھېلىغىچە تۇرار يەنە ئاسماندا...

2010 - يىل 10 - نويابىر، خوتەن



## بىر بىچارە قەلەندەر ئىكەن...

كۆز ياشلىرى سۈسىز كۆل ئىكەن
كۆڭلى چۆلدىن ئۆزگەن گۈل ئىكەن
گۈلگە قاراپ خىيالغا پېتىپ
توزۇپ كەتكەن غېرىب چۆل ئىكەن...
ئوت ئىچىدە سۈدەك يالڭاچ
ئەينەكلەردە ئايدەك يالڭاچ
كۆكلەملەردە بولۇپ قارلىغاچ
پەردىلەرنى قىيا قايرىغاچ
ئاھۇ كۆزى تاغدىن تاغقا، ئاھ،
قېچىپ يۈرگەن جېنىم قاراچاچ!...
سۇنۇق يىڭنە يۈرىكىدىكى
شۇ يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىكى
دۇتار چالغان نازۇك تېنىنى
تەمبۇر چالغان بىر تال جېنىنى
ساتار چالغان مۇڭلۇق قېنىنى
ۋە ئۇسسۇلچى سۆڭەكلىرىنى
كارۋان قىلغان مۇقام ـ مۇقام
بىر بىچارە قەلەندەر ئىكەن!...

2011 ـ يىل 13 ـ يانۋار، خوتەن

# ئامرىقىم، سۆيۈشەيلى

ئامرىقىم، سۆيۈشەيلى
ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ
يەر يېرىلىپ كەتسىمۇ
قۇياش ئۆچۈپ كەتسىمۇ
تەكلىماكان كۆچۈپ كەتسىمۇ
ئۆلۈكلەر قەبرىستانلىقتىن قېچىپ كەتسىمۇ...
باغدىن باغقا يىغلاپ
تاغدىن تاغقا ۋارقىراپ
شامالدىن شامالغا يىپ ئۇلاپ
توپىدىن تەن
قۇمدىن ئۇستىخان
ئوتتىن روھ
سۇدىن ئايۋان
بارخان ـ بارخان
كارۋان ـ كارۋان
ئاھ!...

2011 ـ يىل 14 ـ يانۋار، خوتەن



# قىز كېچىسى گۈلدەك ھۆپپىدە

1

تارام ـ تارام سۆيگۈ ئۆركىشى
كۆڭۈلدىكى قۇملۇققا ئاقار.
كۈيلەر خازان ئىچرە باھارنى
يۈرەكتىكى نادامەتلىك تار.
مۇئەللەقتە يېگانە ئاسمان
چايقىلىدۇ دەريادا خىرە.
ئۆلۈك ئاتلىق ماڭار ئەرشكە
چېكىلىدۇ زۇلمەت پەنجىرە.

قۇش ئۇۋۇسى توزىغان ئاخشام
قانات قاقار ھەسرەتتە ناخشام

2

خىرە ـ شىرە ئۆلۈم مۇھەببەت
بىرە ـ بىرە شادلىنار ھەسرەت.
ھايات ـ مامات قۇچاقلىشىدۇ
بىر ـ بىرىگە تەلمۈرۈپ دەھشەت.
سۇمبۇل چېچى مەجنۇن سۆگەتنىڭ
ئۆستەڭدىكى يىلاندۇر گويا.
بىر قەلەندەر يىغلاۋاتىدۇ
خۇرجۇنىدا لىپمۇ ـ لىق دۇنيا.

ئېچىلدۇردۇم گۈلنى بىر كېچە
بۇلبۇل بولۇپ سايراپ تاڭغىچە

**3**

تىرىكلەردە ئۆلۈپ كەتكەن يەر
ئۆلۈكلەردە سۈپسۈزۈك ئاسمان.
قىز كېچىسى گۈلدەك ھۈپپىدە
سالا ـ سالا مۇنبەت قەبرىستان.
تىترەكلەردە ناغرا چالغان قۇم
ئەينەكتىكى گۈللۈك ئىشتان...

جىنازامنى ئۆزۈم كۆتۈرەي
يار كەينىدىن يۈگۈرەي...

2011 ـ يىل 18 ـ ئاپرېل، خوتەن





## گۈگۈم قانتى چىلاشتى جامغا

گۈگۈم قانتى چىلاشتى جامغا
مەستلىك قانات قاقتى يۈلتۇزدا، ئايدا،
ناخشا كەيپ بولۇپ يۆلەندى تامغا
يۈرىكىم كىشنەپ ـ كىشنەپ كۆكسۈمدىكى سايدا
ئاللاھ، ئاللاھ!...
ئەجەل يىراقلىرىدىن ئوقنى تاللاپ
ئىلاھىي كىشەنلەردىن يوقنى تاللاپ
تېنىمگە شوتا ـ ئىككى پۇتۇمدىن
تېنىمنىڭ شېخى ـ ئىككى قولۇمدىن
تېنىمنىڭ يۈكى ـ ئېغىر بېشىمدىن
قۇتۇلمىغۇچە قەبرەم بولماس!
...
كىمكىن دۇتار چالغان قەبرىسىدە
ئۇزاق بىر جۇدالىقنىڭ سەبرىسىدە
كىمكىن يارىغا يار بولغان
تۆگىمەس مۇھەببەتنىڭ جەبرىسىدە...
ئۆلۈم كەلگىچە كۈتەي
كۈتەي ـ كۈتەي، ئاللاھ ـ ئاللاھ!...

2011 ـ يىل 20 ـ ئاپرېل، خوتەن

# ئاھ، ئايجامال

## ــ ئايجامال ــ قوشتاغدىكى سۆيگۈ سارىڭى

(داستان)

### 1. قوشتاغ

جاۋاب بەر ئەي زېمىن، «يالغۇز جىگدە»دە
دانلىغان روھ قۇشى يوقالدى قايان؟
نە ئۈچۈن قايتمايدۇ تارتىپ زور لەشكەر
قوشتاغدىن ئۈزۈلگەن تەنھا بىر كارۋان؟!
مەن يايلاپ ئۆيىنىغان، سۆيگەن «كىيىكتۈز»
قەيەرگە مۆكتۈردۈڭ كېيىكلىرىڭنى؟
كىملەرگە ئېيتىمەن جالدىرلاپ مۇقام
ئەۋجىمدە يوقالغان بېيىتلىرىڭنى؟
تەلەيسىز سەيياھنىڭ ئۇزاق چۈشلەردە
ئۆزىنى ئوۋلايدۇ ئەمدى «ئىسپاھان».
ئەرۋاھتەك ئاقارغان كونا ھارۋىدا
قەيەرگە ماڭدىڭسەن سەۋدايى جاھان؟
سۇسىراپ، قاغجىراپ ياتقان «قارا سۇ»
نەغمەڭدە يەلپۈنەر قاپقارا رومال،
ھاشاردىن يۈگۈرۈپ كەلگەندە ئەرلەر
مەرھابا! دېگەندەك گوياكى زاۋال.
«سۇلغاز» ئاھ، توزۇغان غازنىڭ قاناتى
ئايالغا يول ئالغان ئەرنىڭ ھاياتى.
«ئىسمىسلاھ» ــ يوقالماس ئىسمايىل ھاجى،
تەجەللى ــ «كۇتام»نىڭ ئۆڭمەس سۇباتى.



«شاپچاقار»، «سۆگەتلىك» ئاستىن ۋە ئۈستۈن،
ئۆلۈمدىن دەس تۇرۇپ كەلگەندە شائىر.
دېھقانىنىڭ كۆزىدە قالغاندەك قېتىپ
مەڭگۈلۈك سۈكۈتتە گوياكى ھازىر...
ئاھ قوشتاغ، مەن سېنىڭ بىر چىمدىم تۇپاڭ،
قەبرەمدۇر ئاخىر شۇ بىر چىمدىم تۇپا.
سەن مېنى بىر پارلاق ھاياتقا ئاتتىڭ،
قەلبىمنى ئۆلۈمگە تولدۇرۇپ راسا.
ئاچقاندا ھەمىشە ئىشىكىمنى مەن
دۈچ كېلىپ قالىمەن سۆيگۈڭگە سېنىڭ.
بۇ سۆيگۈ دوزاختەك كۆيەر لاۋۇلداپ
جەننەتكە تەلپۈنگەن قەلبىمدە مېنىڭ.
بىر سەۋدا خىيالدۇر ئاخىر ھەممىسى،
تېرەكلىك يوللاردا كۆڭلۈم ھارۋىكەش.
ئاسمىنىڭ تۇتۇلغان بىر ئاسىي باخشى
يار ئۈچۈن جېنىمنى ئۈيىنىغان جىنكەش.
گاھىدا كۈلگۈنچەك ئەبەي ساتىراچ،
گاھىدا مۇھەببەت ئىشانى ھامۇل.
تىللايتتى جىرىمنى غاجىسا توخۇ،
گاھىدا جېلىلنىڭ يۈرىكى جۇل ـ جۇل.
ئانا! دەپ يۈگرىگەن يۇسۇپئەخمەت ھەم
ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە بېشىغا ئاسمان.
ئوغرىلاپ كەتكەندەك ئانىسىنى ئاھ،
ئايدىڭدا ئاسمانغا ماڭغان قەبرىستان.
گاھىدا تاغتىكىن تاغنىڭ تېشىدەك
ئەڭ قاتتىق ھاياتنى ياشىغان يۇمشاق.
گاھ ئانام، ئاتامنىڭ قەبرىسى گاھى
قاراڭغۇ ئۆمرۈمدە ياندۇرغان چىراغ...
ھەممىسى قەلبىمنىڭ شاھلىق تەختىدە،

پەقەت ئاھ ، مەن بىرلا قەلەندەر ساڭا.
تەسۋىرلەي مۇھەببەت خانىشنى مەن
ئىبە قوشتاغ، قەلەمنى تۇتقۇزغىن ماڭا!

## 2. بازاردىكى شېئىر

ئەي شېئىر ، سەندە كىم سۆيگۈ توشۇماس
كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە بولۇپ ھارۋىكەش؟
ئاھۇنىڭ كۆزىدىن ئۈركىگەن تاغدا
ئۇۋچىنىڭ يۈركى نېچۈن تىترىمەس؟!
ئۇۋچىنىڭ كۆزىدە يالترار ئۆلۈم،
ئۆلۈمگە ئەڭ قىزغىن خېرىدار ھايات.
شېئىرغا ئاز قالغان بىر پىيالە تۈن،
چۈشنى ساتماقتا قىزلارغا ھەيهات!
ئىبە قىزلار، بۇ شېئىر ئۇتتۇنچى تورغاي
باغرىغا لىق تولغان سايدىكى تاشلار.
ئېتىزنىڭ چۈۋۈلغان سالۋا تەلپىكى،
قۇچقاشتەك ۋىچىرلاپ تۆكۈلگەن ياشلار.
ئۇياقتىن بۇياققا ماڭغان ئۆلۈكلەر
قولىنى سىقىشىپ، توختاپ بىر ھازا.
تۇپراقتىن زېرىكىپ قاچقان قەبرىلەر،
كەينىدىن قوغلىغان سانسىز جىنازا...
بۇ شېئىر — مۇشتلىشىپ تۇرغاندا ئەرلەر
قىزىل گۈل بەرگىدەك جۇلالىغان قان.
بۇ شېئىر — سۆيۈشۈپ تۇرغان ئەر - ئايال،
تاغلاردەك قەھرىمان، باغدەك مېھرىبان.
ئەرلەرنىڭ يېشىلىپ كەتكەن پوتىسى،
پوتىدىن چېچىلىپ تۇرغان ئانا يەر.
ئىشتان بېغىنى قىرىق بىر چېگىپ
توي كېچىسىگە ماڭغان غېرىب ئەر...



بۇ شېئىر — قوزىنىڭ تۇمشۇقى بىلەن
قىزلارنىڭ كۆكسىنى سىلىغان كۆڭۈل.
قېنىنى ئېقىتىپ قىزىل ئىرىقتا
چۆلدىكى كۆڭۈلدە ئۈنگەن قىزىل گۈل.
چېچىلغان كۆڭلىنى دۆۋىلەپ قويۇپ
رەستىدە ئولتۇرغان بىر قېرى دۇكان،
دۇكاندا تۈگمەس مۇھەببەت بىلەن
ئۆتمۈشتىن توقۇلغان بىر كونا چاپان...
بۇ شېئىر - ئىت قاۋاپ، ئېشەكلەر ھاڭراپ
داپ داراڭلاپ، جىنلار چىرقىراپ...
مۇلايىم چىت كۆڭلەك، يىرتىلغان ئەتلەس،
پۈرلەشكەن تامبالدىن قۇترىغان ھەۋەس...
ئوتتۇنچى جاڭگاللار، قويچى سايلار
تۇزچى قەلەندەر، تۇزلۇقچى بايلار...
ئەينەككە قارىغان يەتتە قات ئاسمان
ئاسماندا كۆرۈنگەن گۈزەل بىر بوستان...
تۆمۈرچى بازغاندا سوقۇۋاتقان جان
قاسساپنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان قان،
جاننىڭ ئۇچقى، قاننىڭ قازىنى،
قازاندا ۋاراقلاپ قايىنىغان ھىجران...

بۇ شېئىر - بازارغا ماڭغان ئايجامال
كەينىدىن ئەگەشكەن دىۋانە شامال.

## 3. بازاردىكى ئايجامال

ئايجامال بازارغا كەلدى، باللار
بېشىغا ئوتتۇغات تاقاپ ئايجامال.
ئۇ قايسى سەنەمدۇر، ئۇ قايسى شېرىن،
ئۇ قايسى گۈلدىكى سەۋدايى خىيال؟!

ئۇ قايسى دىلدىكى مەشۇق باياۋان،
كەيىندىن ئەگەشكەن خۇشال بىر باھار؟
ئەگەشكەن ئۇنىڭغا قۇياشمۇ، ھەتتا
قىيامەت كۈنىدەك قىزىغان بازار...
ئايجامال تاماكا چېكىدىغان ئەر،
ئايجامال ئولتۇرۇپ سىيىدىغان قىز.
ئۆلۈمگە ئەگەشكەن كەبى ھەممىمىز
باللار، ئۇنىڭغا ئەگىشەيلى بىز.
ئايجامال!...
يۇلتۇزى ئاقارغان قارا ئۆك جۇۋان
چېچىدا يەر تېپىپ كىشنەيدۇ تارغاق.
كۆزىدە سۆيگۈنىڭ گۈلدۈرمامىسى،
تۆگىلۈكى يۇمۇلاق، چالمىغا ئامراق.
ئەگىم قېشىدا بۇغداي ئورۇيدۇ
چولاق كىرپىكىدە دۇتار چالىدۇ
چىت كۆڭلىكىدە مېكىيان رۇكۇلدايدۇ
سېمىز قورسىقىدا كالا مۆرەيدۇ.
كېچىدە كىرىپ ئۇخلاپ قالغان ئۆستەڭگە
كىيىمنى سېلىۋېتىپ سۇ ئوغرىلايدۇ.
بار ئۇنىڭ بىر تاللا قارا كىگىزى
بار قارا كىگىزنىڭ نۇرغۇن تۆشۈكى،
يالغۇز قالغاندا تۆشۈك ساناپ
كۆڭلىنى رەڭمۇ - رەڭ گۈلگە ئورايدۇ.
قوشاق:
ئايجامال، ئايجامال سېمىز مەلىكە
ئاپتاپقا سالمامسىز كىگىزىڭىزنى.
ئوت بېسىپ كېتىپتۇ غىشا، يۆگمەچ...
ئوتاققا بەرمەمسىز ئېتىزىڭىزنى؟
ئورۇق ئېشەككە يوپتاق مىنىپسىز



قوغۇننى پىچاقسىز بەلەن تىلىپسىز.
ئايجامال، ئايجامال قارام سىيىت نوچى
ئايجامال، ئايجامال چىن تۆمۈر باتۇر...
...
ئېسىلىپ يىغلايدۇ دوڭغاق سۆگەتكە،
چۈشىنى تېگىشمەس بىر تال جىگدىگە.
پىت باققان ئىشتاندىن چىقماس ھېچقاچان،
ساقلايدۇ كۆڭلىنى شاھزادىسىگە.
شاھزادە يۈرەركىن قايسى يىگىتنىڭ
بېلىگە ئېسىلغان داتلاشقان ھىجران؟
ئۇنى كىم چاقىرسا يارىممىكىن دەپ
يۈرەر ئۇ كۆڭلىگە بولغانچە ھەيران؟!

ئايجامال تاماكا چېكىدىغان ئەر
ئايجامال ئولتۇرۇپ سىيىدىغان قىز...

## 4. مۇھەببەت

مۇھەببەت ـ دەرياغا ئوت كەتكەن كېچە،
مۇھەببەت ـ يۈرەكتىن تۆكۈلگەن زەھەر.
مۇھەببەت ـ ئۆلۈمنىڭ يەنە بىر ئىسمى،
مۇھەببەت ـ تەگرىدىن كەلگەن خۇشخەۋەر.
مۇھەببەت ـ دۇنيانىڭ غېرىب چۈشىدە
سۆيۈشۈپ تۇرغان ئەر بىلەن ئايال.
مۇھەببەت ـ سۆيۈشۈپ تۇرۇپ توساتتىن
بۇ چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەن ئايجامال!...
ئايجامال چۈشىدىن ئويغىنىپ بىر تاڭ
قېشىنى ئۇچۇردى ئاسمان ـ پەلەككە.
ئۆيىگە توشۇدى يارىنىڭ ھىدىنى
لىپمۇ ـ لىق شامالنى ئۇسسۇپ ئېتەككە.

ئانا! دەپ يۇگۈرسە بىر پاي ئايغى
يىرتىلغان كۆڭلىكى يىغلاپ، ئىسەدەپ.
يۈزىگە توپىدا ئىتىپ ئۇ ئەڭلىك،
كىرپىكى كەينىدىن يارنى كىلەر دەپ...
مۇھەببەت ـ بىر باخشى، مۇھەببەت ـ سەۋدا،
ئايجامال سەۋداغا ئوقۇلغان سېھىر.
مۇھەببەت ـ دىلدىكى يالىڭاچ كىيىم،
ئايجامال كىيىمنى سالغان بىر شېئىر.
ئاھ، ئۇنى پىت باققان قاراڭغۇ يوتقان،
يوتقاندا تىنىگەن يالاڭئاياغ قان.
ئاھ، ھايات ھارۋىسى، ئاڭا ھارۋىكەش ـ
قۇياشنى يېتىلەپ ماڭغان قەبرىستان.
ئايجامال ئۆزىگە ۋارقىراپ تۇرۇپ
دېدىكى: مەن ساراڭ ئەمەس، ئاداشقان.
ئاداشقان بولمىسا بولامدۇ ئاشىق،
قارىشىپ تۇرغاندا يەر بىلەن ئاسمان؟!
ھەر كىشى ساراڭدۇر بولۇپ يالىڭاچ
گۈلدىكى زەھەرگە بولغاندا مېھمان.
كېپەننى يىرتقاندا كىرپىكتىكى ئاي
ئورنىدىن تۇرغاندا تەندىكى ھايۋان...
مۇھەببەت ـ ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم مەيدانى،
قىزلارنىڭ ئويغىنىپ كەتكەن ئىمانى.
مۇھەببەت ـ گاھىدا يىرتىلغان ئىشتان،
گاھىدا گۈللەرنىڭ تەكلىماكانى...
ئايجامال يىغلايدۇ چېچىنى يۇلۇپ:
گۈل توزۇپ كېتىدۇ بۇلبۇل سايرىسا.
ئۆلگەندە خۇدانى كۆرەلمەس كۆزى
مېنى كىم ھۇ، ھۇ، ھۇ... ياردىن ئايرىسا.
بىر كوي بەر، ئاللەمنى دىۋانە قىلاي،



چۈشۈمدە كارىۋات يوق، يارىم قەلەندەر.
ئىسقىرتاي تاماكام ئۆچۈپ قالغۇچە،
تاماكا چەكمەيمەن، يارىمنى تېپىپ بەر.

مېنى كىم ھۇ، ھۇ، ھۇ... ياردىن ئايرىسا
گۈل توزۇپ كېتىدۇ بۇلبۇل سايرىسا...

### 5. ساراڭ

كىم ئۇنداق جەسەتتىن ئايرىيدۇ تاڭنى،
يۇلتۇزنىڭ نۇرىدا يۇيۇنار گۇناھ.
تەمبۇردەك دىۋانە، ساتاردەك غەزەل،
ئايجامال كۆڭلىدىن قاچقان پادىشاھ.
كۆڭۈلدىن قاچقاندا دەشتى ـ باياۋان
مۇقامچى دىۋانە گويا يەر ـ جاھان.
قەدىمكى زاماندىن باشلانغان كېچە،
ئاستىدىن پارلايدۇ ئۈستۈنكى ئاسمان.
شېئىر ساراڭدۇر، ناخشا ساراڭدۇر،
جاھان ساراڭدۇر، ساراڭ مۇھەببەت.
كۆڭۈلدىن ئېچىلغان ئەگرى كوچىلار
يارنىڭ ئۆيىگە تۇتىشار پەقەت.
يالغۇز ئىچكەن دەھشەتلىك شاراب
مەستلىكتە ھۆركىرەپ يىغلىغان ئازاب،
تەنھالىق ئىچىدە تەنھا ئاھ، تەنھا
يۈگۈرگەن ئۆزىدىن ئۆزىگە قاراپ...
ئايجامال ساراڭغا ئەگەشكەن شامال،
ئۇ گويا قوشتاغنىڭ شەنبە بازىرى.
يىرتىلار ئاياللىق لاتاپىتىدە
ئەسلىمە لىق تولغان سۆيگۈ تاغىرى.
ھاشارغا ماڭغاندەك كونا ھارۋىلار،

غىچىرلاپ، غىچىرلاپ نالە قىلار جان.
ئالغا! دەپ يۈگۈرەر كەينىگە قاراپ
ئۆتمۈشكە ئايلانغان سانسىز ئالامان...
ئايجامال ئۇخلايدۇ نۇرغا پۈركىنىپ
ھەر كېچە ئۇيقۇسىز كۆرگەن چۈشۈمدە.
پايانسىز دالىدۇر ئاھ، ئۇنىڭ تېنى؛
ھېلىلا جەڭ بولغان ئەرۋاھ مەنزىرە...
چېچىلغان سۆڭەكلەر، پارچە - پارچە تەن،
ئۆلۈمسىز قالغاندەك ئۇمىدسىز ئازاب.
قەيەردۇ دۇتارنىڭ خىلۋەت باغلىرى،
قەيەردۇ گۈلەختىن ياغىرىغان راۋاب...
ئاھ ئۇرۇپ ئاقىدۇ لەختە - لەختە دىل،
قەيەردۇ ساتاردىن يامرىغان دەريا.
قەيەردۇ تەمبۇرنىڭ پىغانلىرىدىن
بۆرىلەر ھۇ تارتىپ يىغلىغان دالا...
ئايجامال ئۇخلايدۇ نۇرغا پۈركىنىپ،
ھەر كېچە ئۇيقۇسىز چۈشۈمدە ھامان.
ئاھ، ئۇنى چۆرگىلەپ چىقار تۈن بويى
ئون ئىككى مۇقامدەك نالىدار كارۋان...
ئۆلۈمنى ئۆلتۈرۈپ گوياكى خۇدا،
ناخشىنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندە سۈكۈت.
جېنىنى ئېقتىپ قىزىل ئېرىقتا
جانانىنىڭ ۋەسلىگە يەتمىدى، ئېسىت!
ئېسىت، گۈل دەردىگە سىلىپ داستىخان
جېنىنى جانانى جاھانغا ساتتى.
تېنىدە شالاقلاپ يېرىم چېلەك قان
كۆڭلىنى پارچىلاپ قوشاققا قاتتى...
باغرىغا تاش تىزىپ چىقتى بىر ئۆمۈر،
تاغلاردەك قەھرىمان بولالمىدى ئۇ.



بىر دەريا سۆيگۈنى كەلسمۇ باشلاپ
يارىنىڭ قەلبىگە تولالمىدى ئۇ.
ئاھ، خۇدا!... ئۇ خۇدا دىگەنچە ئۆلۈك،
ھەر كۈنى قەبرىگە ماڭغان بىر جەسەت...
ئەي ئۆلۈك كۆزىدىن پارلىغان قۇياش
سەن ئاڭا يار يۈرگەن يوللارنى كۆرسەت!

### 6. لەنەت

تىرەكنىڭ شىخىدىن سەكرەيدۇ جىنلار
زاۋالغا ئىسقىرتىپ سەھرا يولىدا.
ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرار بىر مايماق سۆگەت
ياپرىقى يىغلايدۇ ئاينىڭ قولىدا.
تۇرىدۇ تۈنۈگۈن ئۇخلىغان يەردىن
چۈشلەرنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن جەستى.
ئاقىدۇ ئۆستەڭدە شىلدىرلاپ سۇدەك
ئۇسسىغان ئېتىزنىڭ چەكسىز لەنتى.
لەنەت ئەي كونا تام كامارلىرىڭغا،
سەن بىلەن ئۆيۈمگە كىتەلمىدىمەن.
لەنەت ئەي قاپقارا سايرىغان قاغا،
قارىنىڭ كەينىگە ئۆتەلمىدىمەن.
لەنەت ئەي قىغ توشۇپ ئەتلەس كۆڭلىكى
گۈل ئۈچۈن چۆللەرنى كەزمىگەن باھار.
ئۆلمىسەم بولاتتى تاپقاندا يارنى،
لەنەت ئەي سۆيگۈگە ھەيدىگەن ھاشار.
لەنەت ئەي، مىڭ لەنەت... يىغلىغان يۈرەك
يار كەلمەس دىگەنچە چاپقۇلدىغان ئات.
مىڭ ئۆلۈپ كەلگەندە قەبرە ئالدىغا
دار بولۇپ قايتىدىن تىكلەنگەن ھايات...
بۇ قانداق قىزىل گۈل بولۇپ يالڭاچ

شادىمان باغلارنى قىلغان قەلەندەر؟
يۈرەكتەك يىرتىلغان چاغدا سالام خەت،
شارابىنىڭ لىۋىدىن تۆكۈلگەن زەھەر؟!
سۈغا كىر، سۈنىڭ ئوتتۇرىسى چۆل،
ئوتقا كىر، ئوتنىڭ ئوتتۇرىسى تاج.
سېنى يار ئۆلتۈرەر ھېچكىم بولمىسا
قاراڭغۇ چۈشۈڭدە بولغاندا قاچ - قاچ...
ئاھ، ھايۋان!... شېرىن جان!... تەنىنىڭ ئىچىدە
مۇھەببەت ئويغىنار يېرىم كېچىدە.
ئويغىنىپ كېتىدۇ ئۇزاق ئۆلۈمدىن
يۈگرەيدۇ بېشىدىن تاپىنىغىچە.
يار نەدە، نەدە يار... يوقتۇر ئىختىيار
يار دېگەن ئۆزۈڭدە، دەيدۇ ئەۋلىيا.
نىمشقا سۆيسەڭ دېسە بىر ئەرنى
مەن ئەردىن كەلگەنمەن، دەيدۇ ئاھ، خۇدا!...
تېنىدىن قاچىدۇ ئەينەككە بەزى،
يۇلتۇزدىن يۇلتۇزغا قاچىدۇ كۆزى.
پۇتلىرى تالاغا چىقىپ كېتىدۇ
تاملاردىن ئاقىرىپ كېلىدۇ يۈزى.
كارىۋاتنىڭ بېشىدا ياندۇرۇپ چىراغ
ئىزدەيدۇ چۈشىدىن يار كەتكەن يولنى.
تالادىن كىرمەيدۇ بىچارە كۆڭلى
قوغلايدۇ چېچىدىن ئۆلۈك بۇلبۇلنى.
ئايجامال، ئايجامال... تاڭدىن شامغىچە
قۇياشقا ئالدانغان بىچارە كېچە.
يار ئۈچۈن تاياق يەپ بىر مىڭ ئالتە يۈز
يۈزىنى يۇيمىغان قىزىل گۈلگىچە.
چېچىنىڭ چۇۋۇلغان ئالۋاستىلىرى
چۈشىنىڭ بۇزۇلغان ياغاچ كارىۋىتى



كۆزىنىڭ مۇھەببەت گۈلدۈرمامىسى
يۈزىنىڭ كىرلەشكەن قايغۇ ـ نالىسى...
ئايجامال... قوشتاغنىڭ ئەرۋاھى بولۇپ
بىر جەسەت قالمىغان زاراتگاھلىقتا
يىغلايدۇ، گوياكى ئۆلمەكتە ئەرلەر
ئېسىلىپ ئۆلۈمنىڭ ئىشتان بېغىغا.

قەلەندەر قىل مېنى ئېيە، تەڭرىم بۈگۈن
كېزەي مەن چۆللەرنى ئايجامال ئۈچۈن!

## 7. مېنىڭ بايانىم

كۆڭلۈمنى بىر كونا ھارۋىغا قېتىپ
كىردىم مەن ئاخىرى يارنىڭ يولىغا.
تۇرۇپتۇ يار مېنىڭ يولۇمغا قاراپ
بىر دەستە ئازابنى ئېلىپ قولىغا.
ئازاب ئۇ ـ دىلدىكى نۇرلۇق ئەتىرگۈل،
ھەر بىر تال شېخىدا سايرار مىڭ بۇلبۇل.
يۈرەككە ئېسىلىپ يىغلايدۇ ناخشا،
شادلىقنىڭ كىيىمى يىرتىلغان جۇل ـ جۇل.
قاراڭغۇ كېچىدە قالمىسا يالغۇز
ئۆزىنى سىلىماس ھېچقانداق ئايال.
ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەيدۇ ئەر،
تاپالىسا باشقا بىر ئامال.
غېرىبنىڭ ناخشىسى بولمايتتى مۇقام
بولمىسا سەنەمگە پالانغان چۆللەر.
بۇلبۇلنىڭ نالىسى بولمايتتى غازاڭ
ئېچىلسا ئەگەردە دىلدىكى گۈللەر.
ئاشىق ـ مەشۇقلار يەتسە مۇرادقا
توقۇلماس ئىدى ئۇلۇغ داستانلار.

مەشرەپنىڭ كەينىدىن قەلەندەر بولۇپ
يۈرمەيتتى ئەگىشىپ زامان ـ زامانلار...
يار قوينىدىن كەربالانى ئىزدەيمەن،
يار قوينىدا بارچە ھىجران ـ بالالار.
سۆيۈپ تۇرۇپ يار قېنى؟!... دەپ توۋلايمەن،
يۈرىكىمدە بۆرە ئۆلگەن دالالار...
ئېچىپ تەن ئىشىكىنى تەنتەنە بىلەن
چىقسا جان نەقەدەر خۇشال ـ خۇرام.
تېنىنى نە قىلاي، ئۆزى قەيەردە؟
ئۆلسەم يار قوينىدا تاپاتتىم ئارام!
...
ئۇ گويا ئۆلۈمنىڭ تۇنجى كېچىسى،
كۆزلەردىن تاراملاپ ئاققان شۇم خەۋەر.
ئۇ گويا سۆيگۈدىن ئالماقتا قىساس
تولدۇرۇپ قەلبىگە لىپمۇ ـ لىق زەھەر.
ئايجامال بازارغا كەلدى، باللار
كېلىڭلار ئۇنىڭغا ئەگىشەيلى بىز.
ئايجامال تاماكا چېكىدىغان ئەر،
ئايجامال ئولتۇرۇپ سىيىدىغان قىز...

2011 ـ يىل 1 ـ دېكابىر، خوتەن





# ئۆتۈپ كەتتى كىرپىكىمدىن قەبرىلەر

ئۆتۈپ كەتتى كىرپىكىمدىن قەبرىلەر،
سەپ ـ سەپ ئۆلۈك ماڭغان كەبى ھاياتقا.
جىنازامنىڭ سۇنۇپ كەتكەن قوللىرى
ئېسىلدى ئاھ، روھىمدىكى قاناتقا.

جېنىم ئۆلۈم پۇرايدىغان قىزىلگۈل،
مېنى مەندە سەرسان قىلغان قايسى چۆل؟
يىرتىلماقتا يار يامغۇرى ئاستىدا
قەلەندەرگە چاپان بولغان بۇ كۆڭۈل.

ئاھ دەردىمەي، دەردنى بېرىپ غەزەلگە،
كىرەي ياردىن كەلگەن شېرىن ئەجەلگە.
ھايات بولسام بېرەي ھەرچاغ كۆڭلۈمنى
ئۆلۈم ئاتلىق ئاشۇ ئوماق گۈزەلگە.

كۆزلىرىمنى كور قىلسۇن كۈندەك جۇپ كۆزى،
يۈزلىرىمنى قارا قىلسۇن ئاي يۈزى،
سۆزلىرىمنى گاچا قىلسۇن ھەم سۆزى...
ئۆلەي، ئۆلەي
بۇ جېنىمنى ئالسۇن مېنىڭ يار ئۆزى.

2014 ـ يىل 24 ـ ماي، ئۈرۈمچى

# سۈكۈتكە ئايلاندى تاشنىڭ قەسمى

سۈكۈتكە ئايلاندى تاشنىڭ قەسمى،
جانانىنىڭ ئۆلۈمى مېنىڭ بۇ جېنىم.
سۆيگۈنىڭ نەپرەتلىك شاماللىرىدا
بايراقتەك لەپىلدەر قىپقىزىل قېنىم.

يۈرىكىم يىرتىلغان سالام خەتمىدۇ،
يار تېخى بىر قېتىم ئوقۇپ باقمىغان؟
مۇھەببەت كۆز يېشى قولياغلىقىدا
مەن ئۈچۈن توزۇماس گۈلنى ساقلىغان.

كۆردۈمكى، جانانىم ئەينەكتە ئىكەن،
ئەينەكنىڭ كەينىدە قىلىدۇ پىغان.
قولۇمدا تاش، قوللىرىمدا ياش
ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرىمەن ھامان.

2014 ـ يىل 25 ـ ماي، ئۈرۈمچى



## ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك

**1**

ۋۇجۇدۇڭدىن مىڭ قۇياشنى ئۆرلىتىپ،
قاراڭغۇنى بوغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.
دۇنياغا بىر ئەركىي جاننى ھۆرلىتىپ،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك،

كېچە ـ كۈندۈز ئەجەل بىلەن ئېلىشىپ،
قىزىل قان ۋە قارا تەرگە چىلىشىپ،
ئاخىر، ھايات ساڭا قايتا ئېرىشىپ
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

كۆكتىن ئاسمان چۈشۈپ يەرگە تائەتتە،
پەرىشتىلەر ئېتىكىڭدە راھەتتە،
ئۆلۈم ئۆلۈپ، ھايات كۈلگەن سائەتتە
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

جېنىڭغا جان قوشۇپ يىغا ئاۋازىم،
ئۆرلىگەندە روھىڭدىن روھ پەرۋازىم،
قىلغان ساڭا ئاسمان ھەمدە يەر تازىم...
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

ئاھ، سېنىڭدىن باشلانغان بۇ ھاياتىم،
سېنىڭدىن نۇر ئالغان ھۆسن ـ سۇباتىم،

قۇچىقىڭدا يېتىلگەن ھەم قاناتىم،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

2

گۆدەكلىكىم، ساڭا جاھان ياراشقان،
يۇلتۇزۇڭغا ماۋىي ئاسمان ياراشقان،
يۈرىكىڭگە ئىدى ئارمان ياراشقان،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

قۇياش پاتسا قارار ئىدىڭ كۆزۈمگە،
ئاي مۆكۈنسە قارار ئىدىڭ يۈزۈمگە،
ھېكمەت بولۇپ تامار ئىدىڭ سۆزۈمگە،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

ئىللىق باغرىڭ ئىدى ماڭا گۈلچىمەن،
سۆيگۈڭ بىلەن ئىدى دۇنيا بىر ۋەتەن،
چۈشىنەتتىم بۇ ھاياتنى سەن بىلەن،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

چۈمۈلەتتىم مېھرىڭىدىكى بۇلاقتا،
نۇرلىناتتىم كۆزۈڭىدىكى چىراقتا،
سالقىندايتتىم قەلبىڭىدىكى پىراقتا،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

چېۋىق ئاتتى مىنىپ تىنماي يۈگرەيتتىم،
سەندەك پاتراق چوڭ بولۇشنى ئىستەيتتىم،
دۇنيا نېمە، ھايات نېمە، بىلمەيتتىم،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.



### 3

گۈل ياشلىقىم ـ چېھرىڭدىكى قورۇقتۇر،
ئارمانلىرىم ـ قەلبىڭدىكى يورۇقتۇر،
ئۆمرۈڭ ماڭا كۆمۈلگەن زەر ئۇرۇقتۇر،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

ۋەتەن دېسەم «ئانا» بىلەن باشلىنار،
ئانا دېسەم قارا كۆزۈم ياشلىنار،
قەلبىم شۇئان ۋىسالىڭغا ئاتلىنار،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

سەنسىز مېنىڭ يازغانلىرىم داستانمۇ؟
سەنسىز مېنىڭ ئۇچقانلىرىم ئاسمانمۇ؟
سەنسىز مېنىڭ قۇچقانلىرىم ئارمانمۇ؟
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

چەرخى پەلەك جاننى تەندە قويسىچۇ،
ئوتنى ئاتەش، بالنى قەندە قويسىچۇ،
تىلەيمەن ئاھ، سېنى مەندە قويسىچۇ...
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

كۆزۈم يۇمۇپ، كۆرەي سېنى چۈشۈمدە،
كۆزۈم ئېچىپ كۆرەي سېنى ئۆزۈمدە،
بولغىن ھامان مېنىڭ ئەشئار ـ سۆزۈمدە،
ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭ مۇبارەك.

2014 ـ يىل 21 ـ ئىيۇل، توقسۇ

# قان يۇقى يۇلتۇزلار

ئاسمان مېنىڭ كۆكسۈمدۇر،
سانسىز يا ئوقلىرى سانجىلغان.
يارا ئېغىزىدىن تۇرار ساڭگىلاپ
قان يۇقى يۇلتۇزلار...

مېنى تۈن ئۆلتۈرەلمەس،
زاۋال ئۆلتۈرەر.
مېنى ئايال ئۆلتۈرەلمەس،
خىيال ئۆلتۈرەر.

مەن ئۆلۈۋاتقاندا
زېمىن قۇلىقىغا پىچىرلار:
سېنىڭ شېئىرلىرىڭمۇ تۈن كۆكىدە تۇرغان نۇر چېچىپ
قان يۇقى يۇلتۇزلار؟...

2014 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست، كۇچا



# يار تەرەپتىن كەلگەن شامال

ئۆلۈم قانداقسىگە كەينىمدە بولسۇن؟
مەن ئۇدۇلدىن باققان تۇرسام هاياتقا.
(هايات قانداقسىگە ئالدىمدا بولسۇن؟
كۆنسېرى يېقىنلىغان تۇرسام ماماتقا.
ئايال ـ يالغۇزلۇقتا سۆرگەن خىيالمۇ؟
ياق، گۈلنى ئېچىلدۇرغىنى يار ئەمەس،
يار تەرەپتىن كەلگەن شامال!

2014 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست، كۇچا

## جىنىمنى قاقشاتما

جىنىمنى قاقشاتما
كەتكۈك بولسا ئۆلۈم دېگەن ئىشككە بار.
ياردىن ئاشقان قۇرۇق جام
ھېچكىم تۇرماس ئەسكى تام
ئاجىز تېنىم، كېسەل تېنىم، چۈشكۈن تېنىم
ئاھ، جىنىمنىڭ چۈۋۈلۈپ كەتكەن چاڭگىسى...

2014 ـ يىلى 19 ـ ئاۋغۇست، كۇچا



## ئۆلۈم ھەققىدە غەزەل

قاچسام يېقىن
يېنىغا بارسام يىراق.
ئويلىسام مۇدھىش خىيال
قولنى تۇتسام بىر ساھىبجامال...
قۇلىقىمغا پىچىرلايدۇ ئۇ:
ياراتقۇچىنىڭ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرىمەن دەپ.

2014 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست، كۇچا

## بۇ، مەن...

كۆزۈڭدىكى ئاسماندا چاراقلىغان يۇلتۇزمەن
لېۋىڭدىكى قەدەھتە ۋاراقلىغان شارابمەن.
ئۆلۈك ئاتنىڭ كۆزىدە قېتىپ قالغان دالىدا
ھۆررا توۋلاپ ھاياتقا كېتىۋاتقان ئازابمەن.
بۇ، مەن
سانسىز جەسەت ئۆلمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن تاغ ــ دالا
شۇ دالىدا يېگانە كېتىۋاتقان بىر بالا.

ئۆزۈم يىغلاپ ئۆزۈمگە، ئۆزۈم كۈلۈپ يۈرەرمەن،
ئۆزۈم ياشاپ ئۆزۈمدە، ئۆزۈم تەنھا ئۆلەرمەن.
قەبرەم بولماس ئۆلمىسەم، سەرسان بولۇپ ھاياتتا
جەستىمنى ئۆلگىچە ئۆزۈم يۈدۈپ يۈرەرمەن.
بۇ، مەن
ئۆلۈپ كەتكەن بىر كىمنىڭ ئاسماندىكى يورۇقى،
تۇغۇلمىغان بىر كىمنىڭ تۇپراقتىكى ئۇرۇقى.
ئەينەكلەرنىڭ كەينىدە قېرىپ كەتتى ئاياللار،
ئايال! دېگەن سۆزدە ئاھ، ئېزىپ كەتتى خىياللار.
بەلكى يارنىڭ كۆڭلىكى مېنىڭ مەجنۇن كۆڭلۈمدۇر،
بەلكى يارنىڭ لېۋىدۇر مېنى سۆيگەن شامالار.
بۇ، مەن
مىليون ئادەم ئىچىدە ياشايدىغان يېگانە،
بۇ دۇنيادىن مۇھەببەت تىلەيدىغان دىۋانە.

2014 ــ يىل 19 ــ ئاۋغۇست، كۇچا



## XX كە

سەن ئەزەلدىن كۆرمەكتىسەن مېنىڭ چۈشۈمنى،
ھاياتىمنى ئالىقىنىڭغا ئېلىپ ئوينايسەن.
بىر تال جېنىم ئىكەن ساڭا ئاتالغان،
لېكىن مېنى بىر ئۆلۈك دەپ ئويلايسەن.

قاراڭغۇدا كۆزلىرىڭنى ياندۇرۇپ،
سۈكۈناتنى ئاۋازىڭ دەپ ئاتىدىم.
سۆيۈپ ھەركۈن سان ـ ساناقسىز ئايالنى
لەۋلىرىمدە ھەيكىلىڭنى ياسىدىم.

نۆۋەتلىشىپ كېچە بىلەن كۈندۈزدەك،
ئىككى يۈزۈم بىرى قارا، بىرى ئاق.
ئۆلۈك دېسەم سېنىڭ جېنىڭ مەندىكەن،
تىرىك دېسەم ياشىمىدىم ياق، ياق، ياق.

سېنىڭ ئاشۇ قانخور قىزىل كۆڭلىكىڭ،
لەپىلدەيدۇ ھاياتىمدا ھەر قاچان.
سەرسان قىلار مېنىڭ يۇلتۇزلىرىمنى
ئاشۇ غەمكىن چېھرىڭدىكى كۆك ئاسمان.

ياشاي دېسەم سەندە ئىكەن ھاياتىم،
ئۆلەي دېسەم سەندە ئىكەن ماماتىم.
ئىككى دۇنيا ئارىسىدا يۈرەيمۇ
يۇدۇپ تاكى مەھشەرگىچە قەبرەمنى.

2014 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست، كۇچا

# چۈشۈمدىكى خىيالدا

چۈشۈمدىكى خىيالدا
كىم ئوخشايدۇ مەن بىلەن؟
قەبرەمدىكى كارىۋاتتا
كىم ئۇخلايدۇ مەن بىلەن؟

قويىدۇ كىم ئوت يېقىپ
كۆڭلۈمدىكى چىراغقا؟
مېنى ئىزدەپ، يېنىمدىن
كېتىدۇ كىم يىراققا؟

تۇساتتىنلا بىر چۆلدۇر
سۆيگۈ دېگەن قىزىلگۈل.
باياۋاندىن قايتمايدۇ
سۇغا كەتكەن بىر كۆڭۈل.

چۈشۈمدىكى خىيالدا
قانىتىنى قايرىغاچ،
ئۇچۇپ ئۆتتى بېشىمدىن
ئاھ، بىر ئوماق قارلىغاچ...

2014 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست، كوچا



# يار ھەققىدە غەزەل

جىسمىم قەدەھ،
روھىم شاراب.
لەززىتى ئۇنىڭ
ئازاب، ئازاب...
سۆيگۈ ـ كېچە
تاڭ ئاتقۇچە،
كۈن چىققۇچە...

يار ـ
دار.
ئۆلەي، ئۆلەي
ئۆلەي، ئۆلەي!...

2014 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست، كۇچا



# شېئىرلىرىمغا كىرىۋالدى...

شېئىرلىرىمغا كىرىۋالدى
كىرلىشىپ كەتكەن جىن باللىرى.
يۇيۇپ قوياي ئۇلارنى
كۆز يېشىم بىلەن.

شېئىرلىرىمغا كىرىۋالدى
كېپەنسىز مۇردىلار.
يۆگەپ قوياي ئۇلارنى
يالىڭاچ قەلبىم بىلەن.

شېئىرلىرىمغا كىرىۋالدى
بۇ دۇنيادا بولمىغان بىر قىز.
سۆيەي ئۇنى
شېئىر يېزىپ بىر ئۆمۈر...

2014 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست، كۇچا





## ئون بىرىنچىسى

كەت، قەلبىڭگە لىق تولسۇن پىراق،
مېنى مەڭگۈ سۆيمەكچى بولساڭ.
كەتكىن، ماڭا يىراقلاردىن باق،
مېنى مەڭدە كۆرمەكچى بولساڭ.

تاشلىۋەتكىن ئەسلىمىلەرنى،
ئۈمىد قىلما كېلىچەكنى ھەم.
پەقەت مۇشۇ بىر لەھزە ئىچرە
قىلغىن پۈتكۈل ھاياتىڭنى جەم.

ئۇنتۇپ كەتكىن لەۋلەردە نە ھال،
نېچۈن تىترەپ چىقتى دەم ـ نەپەس؟
بوغمىسۇن ئاھ، ئەركىڭنى سېنىڭ
قەلب دېگەن ئۇ تۆمۈر قەپەس.

كۆز يېشىڭدا تولماس بىر قەدەھ
يىغلىساڭمۇ كەيىپلىك ئۈچۈن.
سۆيگۈ دېگەن چالا ھېكايە
تا ئۆلگىچە بولمايدۇ پۈتۈن.

بىر، ئىككى، ئۈچ... سەككىز، توققۇز، ئون...،
توزار ھامان گۈلنىڭ غۇنچىسى.
كەت، گۈللەرنىڭ شاخلىرىغا قون،
ھەسرىتىمنىڭ ئون بىرىنچىسى.

2014 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست، كۇچا

## نېمە ئۈچۈن؟

نېمە ئۈچۈن، ئاھ نېمە ئۈچۈن،
دەريا ئاقار ئوتنىڭ ئىچىدە؟
ئاي بولاققا مۆكۈۋالدۇ
قۇياش ئۆلگەن يېرىم كېچىدە؟

يېپيېپ قويۇپ كېتىدۇ باھار
غازاڭلاردىن قەلبىمگە كېپەن.
نېمە ئۈچۈن يىغلار شېئىردا
ئوتتۇز ئىككى ھەرپلىك بىر تەن؟

نېمە ئۈچۈن، مۇھەببەت ئاخىر
ئاشىقلارنى ئاسىدۇ دارغا؟
يېتەلمەيدۇ بىر ئۆمۈر ھېچكىم
قەلبىدىكى مەڭگۈلۈك يارغا؟

نېمە ئۈچۈن، ئاھ نېمە ئۈچۈن،
تەۋەككۈل دەپ ئۆلمەيمەن بۈگۈن؟
نېمە ئۈچۈن ئاھ، نېمە ئۈچۈن
يىغلاپ تۇرۇپ كۈلمەيمەن بۈگۈن؟!

2014 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست كۇچا



## سېغىنىشنىڭ سەككىزىنچى ئېيىدا

سېغىنىشنىڭ سەككىزىنچى ئېيىدا
دەھشەت كۈتمەن كەلمەيدىغان ئايالنى.
چېچىدا يەتتىنچى ئاسماننىڭ ئاتمايدىغان كېچىسى
كۆزىدە ئۆلگەن دېڭىزنىڭ تاشمايدىغان ئۆركىشى
كۆكسىدە تەشنالىقنىڭ بارخان ـ بارخان چۈشلىرى
ئىككى قولى دەريا
ئىككى پۇتى ئىككى دۇنيا -
ئاھ!
تاۋۇتۇمنى چېقىۋېتىلار،
ئۆلىدىغان ھايات قالمىدى.
ئاسمانلارنى تاشلىۋېتىڭلار
ئۇچىدىغان قانات قالمىدى.
جەسەت ئاخشام يۇلتۇز كارىۋاتتا
ئايغا يىغلاپ قىلىدۇ دۇئا.
يىراقلاردا مۇھەببەت نۇرى
نەپرەت بىلەن چاقنايدۇ غۇۋا.
غەزەپ بىلەن كېلىدۇ يۇگرەپ
تاغلار باغلاپ بېلىنى تاشتا.
ئولتۇرىدۇ يىغلاپ بۇلۇتلار
ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ياشتا.
ئاھ!
ئۆلۈۋېلىشقا كەلگەن بىر توپ ئەر
يېشەلمەيدۇ يارنىڭ ئىشتان بېغىنى.

يىرتىلدۇ پارە ـ پارە ياغلىقلار
سۇرتۇپ بولالماي يۈرەكتىكى ھەسرەت دېغىنى.
كىمنىڭ توكۇر كىرپىكلىرى تېرەكلەر
كىمنىڭ ئۆيى ئاسماندىكى قەبرىستان؟
كىمنىڭ چۈشى خىرە ـ شىرە دېرىزە،
كىمنىڭ تويى ئۆلۈۋاتقان ھاياجان؟
دەردى قالدى كىملەرنىڭ
ئېلىۋالسۇن، مەن تۇيۇقسىز ئۆلەرمەن...

كەلمەيدىغان ئۇ ئايال
خىيال بولسا ئۇنى تۇتۇپ ئالاتتىم
شامال بولسا بۆز خالتامغا سالاتتىم
زاۋال بولسا ئاڭا چىراغ ياقاتتىم
ئايال بولسا بۇ دۇنيادىن تاپاتتىم
بەلكىم ئېگىز بىنادۇر ئۇ بەك ئېگىز
بەلكىم قىممەت ماشىنىدۇر، بەك قىممەت
بەلكىم ئۇزۇن ھېكايىدۇر ئۇ، بەل ئۇزۇن
بەلكىم قىسقا ئۇچۇردۇر ئۇ، بەك قىسقا
بەلكىم
چارچاپ كەتكەن كۆزلىرىمنى يۇمدۇرۇپ
ھەر كېچىسى كارىۋىتىمدا ياتقاندۇ.
رېئاللىقنىڭ قاپقاراڭغۇ تۇمانى
ئۇنىڭ دەردلىك يۈزلىرىنى ياپقاندۇ
شۇتاپ
بەلكىم ئۇنى تۇرغاندىمەن قۇچاقلاپ!...

2014 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست، كۇچا



# مۇھەببەتنى چاقىرماقتا ئېگىز قوناقلىق

چىڭقى چۈشتە، سەھرا يولىدا
باراتتىم ئاسماننى ئۆشنەمگە ئارتىپ،
بىر قىز يىغلاپ كەتتى خىيالىمدا
مېنىڭ تۆگىمەس دەردىمنى تارتىپ.
كۆرمىسۇن دەپ يارا باسقان يۈرىكىمنى
كىيىمىمنى سالمىدىم.
ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ ئۆلۈكۈمنى
ساتارىمنى چالمىدىم.

ئەي، قىز
ماڭا ماڭما.

كەچۈر، مەن يول
ئۆزۈم تەنھا ماڭىدىغان.
كەچۈر، مەن مۇز
يۈرىكىمگە تاڭىدىغان.
كەچۈر، مەن چۆل
ئۆزۈم سەرسان بولىدىغان.
كەچۈر، مەن سەۋدا
ئۆزۈم ۋەيران تولىدىغان.
كۆز يېشىڭنى ئىچىۋەتسەڭ بولامدۇ؟
قانلىرىڭنى چېچىۋەتسەڭ بولامدۇ؟
سەھنىلەردە ھەسرەتلىرىڭنى

ناخشا قىلىپ سىڭدۈرەلمەسمەن بولمامدۇ؟
شېئىر بولسا كۇچۇ
پاراس - پۇرۇس
پاراس - پۇرۇس...
مۇھەببەتنى چاقىرماقتا قوناقلىق.
ئاھ،
يىگىرمە يىل بۇرۇنقى
ئېگىز - ئېگىز قوناقلار...
يارنى تۇنجى سۆيگەندە
شىلدىرلىغان قوناقلار...

2014 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست، كۇچا





# مېھرىبان كېچە

ياتقان كېچە بەكمۇ سىمىز ، مېھرىبان
تىنىقلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈم پۇرايدۇ .
گويا ئېغىر قانىتىنى ئۇزىتىپ
كۆزلىرىمدىن چەكسىز ئاسمان سورايدۇ .
ئاھ، مېنىڭكى غېرىبلىقىم، ھەسرىتىم
ئاھ، مېنىڭكى ناخشىلىرىم، دەردلىرىم.
يۈرىكىمنى ئوراپ قويۇپ كېپەنگە
ئۆلۈۋالغان شېئىرلىرىم، خەتلىرىم.
ئاھ، مېنىڭكى بىر ئايالنىڭ باغرىدا
ئاستا ـ ئاستا قىمىرلىغان جەستىم...
تۇزۇپ كەتتى ئاپئاق ھورى بەدەنىنىڭ
سۇنۇپ كەتتى سۆڭەكتىكى قىلىچلار
جىرىڭلىدى خۇرجۇندىكى تىللالار
كۆتۈرۈلدى قوللاردىكى ئېگىز شاخ
ئۆركەشلىدى پۇتلاردىكى دەريالار
كىندىكىدىن تۇرار تەقدىر پالچىسى
يۈگرەپ يۈرەر مۇھەببەتنىڭ غالچىسى
ئاھ، چىرايلىق سىمىز ـ سىمىز بىر كېچە!

2014 ـ يىل 29 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## سۆيگۈ ئىزدەمسەن...

سۆيگۈ ئىزدەمسەن، سۆيگۈسىز بولۇپ،
نە شادلىقى، نە بىر ئازابى.
ئىچىپ مەست بولساڭ ئۆزۈڭگە تولۇپ،
قۇيسا چىنەڭگە كەۋسەر شارابى...

سۆيگۈ ئىزدەمسەن، قەلبىڭگە باققىن،
دەريا بولۇپ سەن دەردىڭدە ئاققىن.
مىڭ دانە بولۇپ، دۇردانىلەردىن
ئاخىر يىگانە ئۆزۈڭنى تاپقىن.

سۆيگۈ ئىزدەمسەن، ئۆزۈڭدە ئۆز بول،
ئىزھارى دەمسەن، سۆزۈڭدە سۆز بول.
دۇنيا قاراڭغۇ، نە بىر چىراغدۇر،
ئۆچۈر قۇياشنى، كۆزۈڭدە كۆز بول!

2014 ـ يىل 13 ـ ئۆكتەبىر، كۇچا



# ئۆلۈم چاقچاق ئەمەس

(شائىر ئابلىپىز توختىمۇھەممەت ئاراقۇمغا مەرسىيە)

باللىرىڭنىڭ دۇنياسى قاراقسىز قالدى،
مېھرىبان ئاللاھنىڭ نەزىرى تەگكىچە.

ئاناڭ ھاياتتا ياراقسىز قالدى،
يۇلتۇزى قەبرىگە باش ئەگكىچە.

ئايالىڭنىڭ چېچى تاراقسىز قالدى،
سۆيگۈسى ئۇنى بەرباد ئەتكىچە.

ئۇرۇمچى ئۇچتاشقىچە كەلدى ھاسراپ
جەستىڭ ئاراقۇمغا يەتكىچە.

ئاھ، دوستۇم،
ئۇخلاشقا يېتىپ،
ئويغانغىچە ئۆلۈپ قاپسەن.
دۇنيادىن يۈرىكىڭ ئاغرىغانمۇ؟
گەپ قىلمايلا كېتىپ قاپسەن...

ئۆلۈمنىڭ راست،
ھاياتىڭ يالغانلىقىغا ئىشەندىم.
تىرىكلەرنىڭ ھەر بىر تىنىقىدا
ئۆلۈمگە ماڭغانلىقىغا ئىشەندىم.

هايات سازىنى
ئۆلۈمنىڭ چالغانلىقىغا ئىشەندىم.
تەن مېنىڭ،
بىراق
ئۈنىڭدىكى جاننىڭ مېنىڭ ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم...

ئۆلۈم سۆز،
بىراق
دېگىلى بولمايدۇ.
ئۆلۈم - نېسىۋە،
بىراق
يېگىلى بولمايدۇ.
قاراپ تۇرىدۇ بىزگە يۈزمۇ - يۈز
كۆرگىلى بولمايدۇ.
شىۋىرلايدۇ قۇلىقىمىزغا
ئاڭلىغىلى بولمايدۇ...

ئۆلۈم چاخچاق ئەمەس!

مەن بىلدىم،
ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىشكە ئاز قالغان.
ھەر بىر تىنىقىدىن ئۆلۈمنىڭ تىۋىشى يوقالمىغۇچە
ياشايدۇ يالغان.

مەن بىلدىم،
شېئىردا كۈيلەنگىنى ھايات ئەمەس
شائىرنىڭ ئۆلۈش ھېسسىياتى.
ناخشىدا كۈيلەنگىنى ھايات ئەمەس
ناخشىچىنىڭ ئۆلۈش قىزغىنلىقى.
رەسىمدە تەسۋىرلەنگىنى ھايات ئەمەس،



رەسسامنىڭ ئۆلگەن چىرايى.
چۈنكى
ئۆلۈم ـ
ھاياتتىن چىن.
ئۆلۈم ـ
ھاياتتىن قىزغىن.
سەنئەتكارلارنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن قوغلاشقىنى ـ
ئۆلۈمدۇر
چۈنكى
سەنئەتنىڭ ئاخىرقى چېكى ـ
ئۆلۈم!

دوستۇم،
ئېگىز بويۇڭ
يىقىلمايدىغاندەك تۇراتتى.
مۇھەببەتلىك چىرايىڭ
سولمايدىغاندەك تۇراتتى.
كۈچلۈك قوللىرىڭ
قولۇمدىن ئاجرىمايدىغاندەك تۇراتتى.
گۈس ـ گۈس ماڭىدىغان پۇتلىرىڭ
مېڭىشتىن توختىمايدىغاندەك تۇراتتى.
...
ئۆلمەيدىغاندەك تۇراتتىڭ.

ۋادەرىخا
يالغانچى ھايات...

2014 ـ يىل 13ـ نويابىر، كۈچا

# كۆڭۈلنىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقىدا

ھۇۋلايدۇ ياردار كۆڭۈل بۆرىسى
ئىشقىنىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقىدا.
توپلىشىپ ئۆلىدۇ سانسىز كېپىنەك
لەۋلەرنىڭ قۇرۇغان بوستانلىقىدا.

ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ روبىرو
كۆردۈممەن گوياكى ئۆلۈممىنى مەن.
بىر جەسەت ئىچىمدە ياتىدۇ ئۇخلاپ،
ھاياتقا چۈمۈلگەن چۈشلىرى بىلەن.

يېقىلدى قانلارنىڭ چىراغلىرىمۇ،
يېشىندى شېئىرمۇ سۆزلەردىن، خەتتىن.
يۈزۈمنى سىلىدى غۇۋا بىر ئوبراز
چىقىپ ئاھ، دىلدىكى گۈزەل ھەسرەتتىن.

قەدەھلەر ئايلىنىپ يىقىلدى لەۋگە،
مەست بولغان يۈرەكنىڭ ھەيرانلىقىدا.
ئۆزۈمنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم تاڭغىچە
كۆڭۈلنىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقىدا.

2014 ـ يىل 20 ـ نويابىر، كۇچا



## يەكشەنبىلىك جانان

كۆلكەمدە كۆز يېشىم يىغلايدۇ قان ـ قان،
قاراڭغۇ قەلبىمدىن ئۆرلەيدۇ ئاسمان.
دېرىزە ئالدىدا تولۇن ئاي چۈشۈم،
تۆكۈلەر يۇلتۇزنىڭ كىرپىكى بوستان.

تېنىمنىڭ جەسەتنى تۇتار قولى يوق،
جېنىمنىڭ لەھەتكە ماڭار يولى يوق.
سۆيگۈنىڭ ھەسرەتلىك پىچىقى بىلەن
ئۆلتۈرۈپ ئوينايدۇ مېنى دەرد ـ پىغان.

ئۈركۈگەن ئاھۇلار قاچار كۆزىدىن،
شىركەيپ شارابلار تاشار سۆزىدىن.
يۈزىدە ساپايە چالىدۇ گۈللەر،
گۈلدىكى چۈللەردە ياڭرايدۇ داستان.

كىيىمنىڭ ئىچىدە يالىڭاچ تېنى،
تېنىنىڭ ئىچىدە يالىڭاچ جېنى،
يالىڭاچ، يالىڭاچ، چەكسىز يالىڭاچ...
شېئىردەك، ناخشىدەك قاراڭغۇ جانان.

كىندىكى ئىشقىنىڭ شارابخانىسى،
گۈلەخچى ئازابىنىڭ راۋابخانىسى،
ئالىقىنى خۇدانىڭ نامى بىلەندۇر،
پۇتلىرى باھاردىن ئازغان زىمىستان.

ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى يوق، ھايات ئالدىراش،
نە بولاي قاراڭغۇ، تۇرسام مەن قۇياش.
ۋەتەننى يار دېگەن شېئىرغا كېتەي،
ئەگەشسۇن كەينىمدىن يىغلاپ يەر ـ جاھان.

2014 ـ يىل 20 ـ نويابىر، كۇچا



# كۈچادىكى غوجا

قەيەردە ئەرزان ھايات بار؟
قەيەردە ئاسان ئۆلۈم بار؟
قەيەردە پۈچۈق قەدەھلەردىن تاشقان قان،
قەيەردە ئاچ ئەرۋاھلاردىن ئاشقان نان،
قەيەردە
ئۇنى سۆزلەيدىغان سۆز بار؟
قەيەردە ئۇنى يورۇق قىلىدىغان يۈز،
قەيەردە
ئۇنى ئىزلەيدىغان كۆز بار؟!...

كوچىغا چىقىشتىن ئىلگىرى
ئايالىدىن كىملىكنى سورىدى،
مەن كىم؟...
تېنى بىر يانغا قىڭغىيىپ قالدى،
يەرگە تورۇككىدە چۈشكەن جېنىنى
ئاستا ئېلىپ قوينىغا سالدى.
ئاياللار تەندىن باشقا
روھلار تەندىن باشقا
باشقا، باشقا
كۇچا ئۇنى قوينىغا ئالدى.

كومىراجىۋا نومنى بەردى،
ۋاراقلىدى ئەرزىنى.
سۇجۇپ باربىتنى بەردى

چالدى دەردىنى.
مىڭ ئۆيلەردە ياتتى گويا ئۆلۈكتەك،
مىڭ يىل ئۆتتى، دۇنيا ئۇنى تاپمىدى.
ھەسرىتىدىن تىكىپ چاپان، ئىشتانلار
سۆيگۈ ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى ياپمىدى.
كۆز يېشىنى ئىچىدىغان قاچا يوق،
شارابلارنى كوچىلارغا چاچمىدى.
مىڭ يىل كۆيدى ئىگىسى يوق پىراقتا
ئوت ئىچىدە جانانى يۈز ئاچمىدى...
مىڭ يىل ئۆتۈپ
غوجا دېگەن ئاسى ـ جاپى قەلەندەر
جەسىتىدىن تۇرۇپ يەنە قاچقۇسى...
ئاھ... ھا...
غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى پەلەككە
پەريادىغا يىقىلدى كۆك ئاسمانلار...
يىغلىدى تا تۈگىگىچە بىر دەريا،
كۆز يېشىدا قۇرۇپ كەتتى بوستانلار.
يېنىپ كىردى ئاھ ئۇرۇپ
تەنگە گويا چىقىپ كەتكەن شۇ جانلار...

غوجا يەنە يىغلىدى
شېئىر يازغان قوللىرىدا قۇچاقلاپ
ئۆلۈۋاتقان شۇ بىچارە جېنىنى.
گۆشلىرىنى يېدى پىتلار تالىشىپ
ئىت ـ مۈشۈكلەر ئىچتى ئۇنىڭ قېنىنى.
كۆكسىدىكى بۆرە ئۆلگەن دالىدا
ھۇۋلاپ قالدى غېرىبانە زىمىستان.
بىنالارنى بۇلۇتلارغا يىقتتى
ماشىنىلار چەيلەپ ئۆتكەن قەبرىستان.



كوچىدىلا قان ئىچىدە قالدى ئاھ
قىزىلگۈللەر تاشلىۋەتكەن ھاياجان...
ئاھ...ھا...
پەرياد ئىچرە بورانلاردەك تولغىنىپ
يۈرىكىدىن چۈشۈپ كەتتى جەندىسى،
پىچىرلىدى ئەلەم ئىچرە كىمگىدۇ:
بىز ھەممىمىز بىر خۇدانىڭ بەندىسى!

2014 ـ يىل 20 ـ نويابىر، كۇچا



# ئاشىق

بۇرۇنقى تەندە مەن يەنە، بۇرۇنقى تەندە
يۈرىكىم كۆكسۈمدە جەندە، جەندە.
جېنىمدىن كېچىپ تۇرارمەن
ئۆلۈمگە مەن بولۇپ بەندە...

يۈزۈم ئاپتاپنىڭ خازانلىقىدۇر
كۆزۈم قۇياشنىڭ قەبرىستانلىقى.
سۆزۈم سۆزنىڭ راۋانلىقىدۇر،
ئۆزۈم ئۆزۈمنىڭ شەرەپشانلىقى.

قەدىمكى زاماندا يار ئۈچۈن
دارغا ئېسىلغانچە تۇرارمەن.
يەر ۋە ئاسمان ئارىسىدا
مەڭگۈ سەرسان بولارمەن...

2014 ـ يىل 20 ـ نويابىر، كۇچا



## يار قايان؟

ئاي يۈزىگە قارىسام ئاي يوق،
چاچلىرىدا قاپقارا دەريا.
كۆزلىرىدە تۈنلەر يوپيورۇق،
چۈش كۆرىدۇ بىر سۈزۈك دۇنيا.
كىرپىكىدە توختىماس كارۋان
كۆكرىكىدە تىنجىماس ئىسيان
بويىندا ئاھ، شاۋقۇنلاپ ئاققان
دەريا ـ دەريا مارجان نەدىدۇر؟
كۆزلىرىدە چاقماقلار چاققان
ئېگىز ـ ئېگىز ئاسمان نەدىدۇر؟

سايىغا ماڭدى يولۇچى شامال،
ئەسكى خىيال تەشتى ئۆگزىنى.
چىقىپ كەتتى تېنىدىن ئايال،
مۇھەببەتتىن ئىزدەپ قەبرىنى.
كىندىكىدە خىلۋەت ـ خىيابان
ئەينىكىدە تەلۋە ھاياجان
ئالدىدا ئاھ، دەشتى باياۋان،
زومچەك ـ زومچەك بارخان نەدىدۇر؟
كەينىدە ئاھ سانسىز ئالامان،
زارە ـ زارە ئىسيان نەدىدۇر؟

كۆڭلەك كىيىپ گۈلنىڭ بەرگىدە،
گۈل شېخىدا ئولتۇرغان ئىدى.

ئوتقا سۇنى توشقۇزۇپ قويۇپ،
جاننى قانغا پۇچىلاپ يېدى.
يۈرىكىدە يىرتىلغان ئىشتان
ئېتىكىدە قىپقىزىل گۈلخان
چېلىكىدە لىپمۇ ـ لىق ھىجران
تەندە كۆلگەن بىر جان نەدىدۇر؟
سۆيۈپ تۇرۇپ قىلدى پۇشايمان،
جانغا كەلگەن جانان نەدىدۇر؟!...

2014 ـ يىلى 20 ـ نويابىر، كۇچا



# چۈشكۈن ئەتىرگۈل

لەرزان مۇزىكا ئىچىدە غايىب بولۇشنى ئىستەيمەن
ھەسرەتلىك شېئىر ئىچىدە غايىب بولۇشنى ئىستەيمەن
چۈشكۈن رەسىم ئىچىدە غايىب بولۇشنى ئىستەيمەن
بارلىق سەنئەتلەر گويا
مېنى غايىب قىلىش ئۈچۈن ئاپىرىدە بولغاندۇر

بەلكى
كېتىۋاتقاندىمەن بەختىمنى ئىزدەپ
كۆز يېشىمدىكى ئارقا كوچىدا.
ئۇلتۇرغاندىمەن دەردىمنى سۆزلەپ
يۈرىكىمدىكى يىڭنە ئۇچىدا.
بەلكى
ئادەملەر بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ كېتەر.
شائىرلار قەلىمى بىلەن
يوقسۇل جەسەتلەرگە كېپەن تىكەر.
بەلكى
ئىبادەت پەيتىدە دىنسىز ئەمەسمەن،
گۇناھ ئۆتكۈزگەندىمەن ئاللاھنى بار دەپ.
ئىلھام پەيتىدە شائىر ئەمەسمەن،
شېئىر يازغاندىمەن ئاللاھنى يار دەپ.
بەلكى
يۇلتۇزلار يەرگە چۈشكەندۇ
گۆرگە چىراغ ياققىلى.

تەنلەر تەنگە چۈشكەندۇ
روھقا باققىلى...
تار ئۈستىدە چاپقان ئاتلار كەبى ئەسەبىي
كۆلۈۋېتىپ تۆككەن ياشلار كەبى ئەسەبىي
بويۇندىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن باشلار كەبى ئەسەبىي
سايدىكى
سۈكۈت ئىچرە چۇقان سالغان تاشلار كەبى ئەسەبىي
تاماكا چېكىپ
دەردلىرىمنى توزۇتتۇەتمىسەم،
هاراق ئىچىپ
ئازابلىرىمنى قۇسۇۋەتمىسەم،
ئويناپ ـ ئويناپ
مۇھەببەتنى تۈگىتىۋەتمىسەم،
خەپ!...

ئېچىلماقتا ھاياتىمدا شاد ـ خۇرام
چۈشكۈنلەشكەن بىر تال ئەتىرگۈل!

2014 ـ يىل 21 ـ نويابىر، كۇچا



# يارىمنىڭ يالىڭاچ ياتقان تەنلىرى

يارىمنىڭ يالىڭاچ ياتقان تەنلىرى
ئايدىڭدا قۇياشنى كەزگەن باياۋان.
ئەجەلنى غەزەلگە ئەگەشتۈرۈپ، ئېھ
كەلمەكتە كەينىمدىن سانسىز ئالامان.

يارىمنىڭ ئۆركەشلەپ ئاققان قانلىرى
روھىمدا قىپقىزىل بولماقتا بايراق.
تۇردۇممەن ئۆزۈمگە ئېيتىپ ئەلۋىدا،
بايراقنىڭ ئاستىدا ئۇزاقتىن ئۇزاق.

يارىمنىڭ مۇھەببەت دېگەن سۆزلىرى،
قۇچاقلاپ تۇرماقتا ئۆلۈمدەك مېنى.
گۈزەل بىر شېئىرغا كەتتى ئايلىنىپ،
پايانسىز سۆيگۈمنىڭ چىقمىغان جېنى.

يارىمنىڭ كۆزلىرى يېرىم كېچىدۇر،
ئىشكىنى چېكمەن قورقۇپ ئاھ، تىترەپ.
بىر ئەرۋاھ كۆزۈمنىڭ قاراڭغۇسىدا
يۈرمەكتە يوقالغان چۈشنى ئىزدەپ.

يارىمنىڭ لەۋلىرى يېرىلغان ئانار،
شارابلار مەست بولۇپ ئېسىلار ئاڭا.
كىرپىكى قاتمۇ ـ قات قاراڭغۇ ئورمان،
ئورماندا بىر كېيىك ئوق ئاتار ماڭا.

يارىمنىڭ چاچلىرى دۇتار تارىدۇر،
تارلارنىڭ ئۈستىدە چاپقۇلدايدۇ ئات.
كۆيلەرنىڭ ئەۋجىدە سانسىز لەشكەرلەر
ھۇررا دەپ ئۆلۈمگە ئاتلىنار ھەيھات.

قاپلىدى جاھاننى يارىنىڭ جامالى،
باستۇرۇپ كەلمەكتە دەھشەتلىك ۋىسال.
ۋەلېكىن يارىم يوق، چېكمەن ھەسرەت،
بۇ دۇنيا نەقەدەر يالغانچى ئايال؟!

2014 ـ يىل 22ـ نويابىر، كۇچا



## قارغىش قېپى

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى
تونۇش جىنلاردىن بىر ـ ئىككىسى
تام تۈۋىدە ئۇچراشقۇسى
ئۇلار
مەن توغرۇلۇق قىلغۇسى غەيۋەت:
ـــ غوجى
ئاسمانغا بېشىنى ئاتقاندىن بېرى
تۇپراقتىن پۇتىنى تارتقاندىن بېرى
ئاپئاق قان
دەھشەت ئېھتىلام
قۇياشتىن قۇتۇلغان تاغلاردا يۈزى
يۇلتۇزدىن توقۇلغان تۈنلەردە كۆزى
ھەقىقەت يىقىلغان ئۈنلەردە سۆزى
ۋەھشەتتە ئېگىلگەن تەنلەردە ئۆزى...
ـــ سالام
گۆرگە قونغان ھاياتقا
كۆكتە سۇنغان قاناتقا...
دېدى ئۇ:
دۇنيانى دۇنياغا سالام قايتۇرار
ـــ ئەسسالام!
ئادەمنى ئادەمگە سالام قايتۇرار،
ـــ ئەسسالام!
ئادمنى ئاخىر كىم ئەتكۈسى بەربات؟

بەلكى كىم ياراتقان بولسا ئاشۇ زات.
دۇنيانى ئاخىر كىم ئاخىرلاشتۇرار؟
بەلكى كىم باشلىغان بولسا ئاشۇ زات.

— ئەسسالام!
— ...!
دۇنيادىن ئۇنىڭغا قايتمىدى سالام...

— غوجى
سۇنىڭ جەندىسىنى ياماۋاتىدۇ
ئوتنىڭ چىچىنى تاراۋاتىدۇ.
ھاياتتىن تۆشۈك ئېچىپ،
ئۆلۈمگە قاراۋاتىدۇ.
نەپس چۆللىرىدە ئاچ ـ يالىڭاچ
نانىنىڭ بېشىنى سىلاۋاتىدۇ...
يۈزى يوق نىقابلىنىشقا
قەلبى يوق ئازابلىنىشقا
قۇسۇۋاتقان تام
شارابنىڭ قۇيرۇقى يۈرەر سۆرىلىپ.
تېنى يوق جەسەتتىن چىقار كىشىلەر،
قالغاندەك بىر مۇدھىش چۈشتىن تۆرىلىپ.
بەش يۇلتۇز جانانلىق مېھمانخانىدا
بەش ئەرۋاھ گۇمانلىق قىمارخانىدا
ئەڭ ئېگىز باشتىن، ئەڭ پەس پۇتقىچە
ئەرشتە تەڭرىدىن، يەردە بۇتقىچە
سۆرىلىپ يۈرىدۇ ئەسكى بۇلۇتلار
توساتتىن تاراسلاپ ياغمايدۇ يامغۇر
توساتتىن چىقراپ ئۈزۈلمەيدۇ تار
توساتتىن
ناخشا ئۈن ـ تىنسىز داۋاملىشىدۇ



ئۇسسۇل ئوينايدۇ دەسسەپ ـ چەيلىنىپ
ئىبغىر تاپانلار ئاستىدا
بىچارە غوجى! ...

— غوجى
شېئىرسىز بۇنچە كۆپ ئۆلەلەرمىدى
ياق،
ئۆلگەنگە تۈگىمەس ناخشا بۇ هايات.
ئۆلمىسە شېئىرغا كىرەلەرمىدى
ياق،
شېئىر —
هاياتنى ئۆلۈمگە ئۆرلەتكەن قانات!
يالغان
قۇللارنىڭ قەلبى ـ شاهلار تەختىدۇر
يوللارنىڭ ئاخىرى ـ قاراڭغۇ قۇياش.
قاپلايدۇ ئالەمنى گۈلنىڭ خۇش هىدى
ئاشىقلار كۆزىدىن تۆكۈلگەندە ياش.
يالغان
كىچىك باللار كىيمەيدۇ ئىشتان.

هەقىقەتنى تاپتىم دېدى،
تاپقىنى يالغان.
مۇهەببەتنى تاپتىم دېدى،
تاپقىنى هىجران.
سۆيدۈم دېدى ئايالنى،
سۆيگىنى خىيال.
تۇتتۇم دېدى بەختنى،
تۇتقىنى شامال...
كوچىدىن غازاڭلاردەك تەرگىنى ئۆزى
ئىشىكلەردە تىلەمچىلىك قىلىپ تىلىگىنى ئۆزى.

مەكتەپلەرگە كىرىپ، كۇرسلارغا قاتنىشىپ، كىتابلارنى ئوقۇپ
بىلىملىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى،
ئۇ بىلىملەردىن
بىلگىنى ئۆزى.
يەنە كۇرسلارغا قاتنىشىۋاتىدۇ، كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ
ئۆزىنى بىلىمسىز دەپ،
بىلمىگىنى ئۆزى...

كۆنلەرنىڭ بىر كۆنى
تونۇش جىنلاردىن بىر ـ ئىككىسى
تام تۈۋىدە ئۇچراشقۇسى.
ئۇلار
مەن توغرۇلۇق قىلغۇسى غەيۋەت:
ـغوجى
قارغىش قېپى!
قارغىشقا كەتكەنلەر شائىر بولىدۇ
قارغىشقا يەتكەنلەر جىن.
غوجى..
كىم؟!...

2014 ـ يىل 23 ـ نويابىر، كۇچا





## يىراقتا قار قاپلىغان يار تاغلىرى

قاراڭغۇ شوللارغا سىلىپ گىرە
يانىمەن گاھى ئۆچۈپ خىرە ـ شىرە.
يىراقتا قار قاپلىغان يار تاغلىرى،
ماڭىمەن، يىقىلىپ گاھ بىرە ـ بىرە...

چاڭقايمەن دەريادىكى باياۋاندا
ئاچىمەن ئاھ، نان ئىچىدە دۇتار چېلىپ.
باغلايمەن مۇھەببەتنىڭ ئوردىسىدا
ئەرزىمگە كۆز يېشىمنى قاتار قىلىپ.

قان مېنى قىزىل قىلىپ گۈلگە بېرەر،
گۈل مېنى خازان قىلىپ كىمگە بېرەر؟
قەستلەيدۇ ئىشق مېنى ئۆلتۈرمەككە،
جېنىمنى جانان قىلىپ كىمگە بېرەر؟

ماڭىمەن يىقىلىپ گاھ بىرە ـ بىرە،
يىراقتا قار قاپلىغان يار تاغلىرى.
يەتكۈچە تاغقا، قۇرۇپ قالارمۇ ئاھ،
يارنىڭ قار ئاستىدىكى گۈلباغلىرى؟!...

2014 ـ يىل 24 ـ نويابىر. كۇچا

## مەن بىر قاچقۇن

ئىسمىمنى بورىغا يۆگەپ ئوت قويۇۋەتتىم
شان - شەرىپىمنى تاغ چوققىسىدىن دومىلىتىۋەتتىم
غۇرۇرۇمنى ئىرغاڭلىتار شاماللار
ئەمدى
ئەينەككە قاراش ئەندىشىسى يوق
بېرىش - كېلىش تەشۋىشى ھەم يوق
ئۆلۈش - تىرىلىش ۋەسۋەسىسى يوق
بۇ يەردە يۈرسەم، قەدەم تىۋىشىم ئۇ يەردىن ئاڭلىنىدۇ
تۇرارمەن ھېچ يەردە
بىر يەردە تۇرماسمەن،
توختىسام
ئۆزۈمنىڭ ئالدىدا يا ئارقىسىدا
ئوڭ تەرىپىدە ياكى سول تەرىپىدە...
مەن بىر قاچقۇن
بىسۇئالغۇسىز قېچىش ئىشتىياقى بىلەن
قاچىمەن ھاياتقا ئىچكىرىلەپ؛
ئۇ يەردە
ئۆلگەن جانانىنىڭ ئىپار پۇراقلىق قەبرىسى بار
مۇھەببەت سۇلالىسىنىڭ ئەبەدىيلىك خارابىسى بار
كۆز يېشىنىڭ گۈل - چېچەكلىك تۈرمىسى بار
جان كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ شاد - خۇرام
قانلار ئاقار ئاتلىرىنى قامچىلاپ
يۈگرەپ يۈرەر قىلىچ ئاسقان قەبرىلەر



زېمىن بىھوش،
يارالمىشنىڭ لەززەتلىك يارا ئېغىزىدا
ئىڭرايدۇ ئاھ، قىپيالىڭاچ بىر گۇناھ...
ئۇ يەردە بىر كارىۋات
كارىۋاتتا يالغۇزلۇق ياتىدۇ ئۇخلاپ.
ئۇنى ئويغىتىشقا بولمايدۇ،
يالغۇزلۇق ئويغانسا قاپلار ئالەمنى
مۇھەببەت.
مۇھەببەت ئۇلغايسا قاپلار ئالەمنى
جىنايەت.
جىنايەت ئۇلغايسا قاپلار ئالەمنى
قاباھەت.
قاباھەت ئۇلغايسا باشلاپ كېلەر ئالەمگە
قىيامەت...
يالغۇزلۇقنى ئويغاتماڭلار
مۇھەببەتنى ئۇلغايتماڭلار
ئەي
دۇنيا تەرتىپىنى قوغدىغۇچىلار!...

مەن بىر قاچقۇن
قاچىمەن ھامان،
قېچىشىمنىڭ سەۋەبى ئۆزۈمدە تۇرماسلىق ئۇچۇندۇر.
ئۆزۈم ماڭا شۇ قەدەر قورقۇنچلۇقمۇ؟
ئۆزۈمدە ماڭا قاپقان قۇرۇلغانمۇ؟
ئۆزۈممۇ مېنى ئۆلتۈرىدىغان قاتىل؟!...
ئادەملەر ئۆلۈش ئەنئەنىسىدىن ياتلىشىپ كەتتى
ھاياتنىڭ ئۆلۈم قىلىچى داتلىشىپ كەتتى
مۇھەببەت دەسلەپ تەندىن چىقمىغانمۇ؟
سەن ياكى مەن، ئىككىمىزنىڭ بىرى قابىل، بىرى ھابىل،

جان دەسلەپ سەندىن ياكى مەندىن چىقمىغانمۇ؟

ئەي قەلبىم،
مەدھىيەلە ياكى تىللا، بەربىر
تاڭنىڭ بالدۇر يا كېيىن ئېتىشى
جاھاننىڭ يورۇق ياكى قاراڭغۇ بولۇشى
قۇياش بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

2014 ـ يىل 25 ـ نويابىر، كۇچا



## قايغۇنىڭ قارا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن

يالىڭاچ يۈرسەم مېنى ساراڭ دېيىشىدۇ
راست گەپنى راست پېتى دېسەم مېنى ساراڭ دېيىشىدۇ
باشقىلار كۈلسە كۈلمەن، يىغلىسا يىغلايمەن
كوللېكتىپ ئاڭ بىلەن
يىغلىمىسام، كۈلمىسەم مېنى ساراڭ دېيىشىدۇ
كىشىلەر قۇياشنى ئۇنتۇپ كېتىشتى
شۇڭا
كۈندۈز قاراڭغۇ...

قاراڭغۇدا
رېئاللىق يوق، چۈشتۇر ھەممە بەئەينى
تۇيۇقسىز
تاسادىپىي
بىلگىلى بولمايدىغان تەقدىر كەبى
قاراڭغۇ...

قاراڭغۇدا
ئۈستۈمدىكى ئاپئاق نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا قاراپ
قايغۇنىڭ قارا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندىم.

2014 ـ يىل 27 ـ نويابىر، كۇچا

## تەبىئەتنىڭ ئايال كېچىسى

جىمىرلىغان يۇلتۇز كۆزلىرى
شۆۋىرلىغان بۇلاق سۆزلىرى
شىلدىرلىغان دەريا يوتىسى
قاپقاراڭغۇ بوستان چاچلىرى
تال ـ تال ئۆسكەن قىياق كىرپىكى
مۇڭغا پاتقان گۈلخان كىندىكى
ئوڭدا ياتقان بارخان ئەمچىكى
ئاھ
تەبىئەتنىڭ ئايال كېچىسى...

2014 ـ يىل 27 ـ نويابىر، كۇچا



# ئۆيدىن چىققاندا

ئۆيدىن چىققاندا
تېنىم ياتاتتى ماشىنا چاقى ئاستىدا
بېشىم ئېسىلىپ تۇراتتى مۇئەللەقنىڭ ئارغامچىسىدا
سۆڭىكىم تالقان قىلىناتتى كىمياگەرنىڭ هاۋانچىسىدا
بىراق
مەن تېخىچە ئېتىلماقتا ئىدىم هاياتقا
تەقدىرنىڭ ئوقى يوق تاپانچىسىدا

ئۆيدىن چىققاندا
ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم ئۆزۈمنى
ئۆيدە...

2014 ـ يىل 22 ـ دېكابىر، كۇچا

## يۈرىكىم جۇل - جۇل

ھەسرىتىمنى شېئىر قىلىپ يىغلىۋەتتىم
كۆز يېشىمنى ناخشا قىلىپ ئېيتىۋەتتىم
زەرداب بولغان قېنىمنى
شاراب قىلىپ ئىچىۋەتتىم
ئۆزۈمنى يار يولىغا تاشلاپ
ئۈزۈل - كېسىل چۈشكۈنلەشكىچە...

تېنىمدە چىمەنلەر نە قىلغاي،
جېنىمدا سايرىغاي نە بىر بوز تورغاي؟
قۇلاق يېقىپ جۇدالىقنىڭ تەمبۇرىغا
يۈرىكىم كۆكسۈمدە يىغلاپ ئولتۇرغاي.

2014 - يىل 22 - دېكابىر، كۇچا



## شېئىردا زىندان

كىرپىكى بۇلاڭچىلىق قىلدۇ،
كۆزى كۆزلەرگە قادالغان قاتىل.
ماھۇق تېنىدىن مارايدۇ كۆڭلى،
گويا سۆزلەردە ئۆلۈپ قالار تىل.
سۆزدە تۇرما، سۆز سېھرلەنگەندۇر
دەيدۇ ئۇ، شېئىردا زىندان.
تىرىكلەرنىڭ ئەمەستۇر،
دۇنيا دېگەن بۈيۈك قەبرىستان.

يار ـ قەدىمكى قىز،
يالىڭاچلىق كىيىمى ئۇنىڭ.
يىرتىش ئۈچۈن يالىڭاچلىقنى
شېئىر يازدىم يىگىرمە تۆت يىل...

2014 ـ يىل 22 ـ دىكابىر، كۇچا

## مۇھەببەتنىڭ ئايال كېچىسى

لەپىلدەيدۇ جەھەننەمنىڭ كۆكىدە
چاچلىرىنىڭ چوغقۇر ئۆلۈك شاملى.
يىرتىلىدۇ رەت ـ رەت ئورمان ئىچىدە
كىرپىكىنىڭ سۇنۇق قىلىچ روملى.
كۆزى قاچقان چۆچۈپ ئاھۇ تېغىغا
لېۋى ساتقان گۈلنى جاھان بېغىغا.
كۆكرىكىدە ئوغدا ياتقان دالالار
كىندىكىدە قايتار ياشلىق چېغىغا.
ئىككى پۇتى ئىككى قاش
ئوتتۇرىدا چەكسىز دەشتى ـ باياۋان.
باياۋاندا سۇ ئىزدەپ
ئۆستەڭ چاپار ئالامان...
قۇچاقلىدىم
قېچىپ كەتتى تېنىدىن.
سۆيدۈم
تۆكۈۋەتتى لېۋىدىن.
كىيىمنى سالدى
غايىب بولدى يالىڭاچ.
ئىزدىدىم ئۇنى
شېئىر يېزىپ نائىلاج.
ئاھ
مۇھەببەتنىڭ ئايال كېچىسى...

2014 ـ يىل 27 ـ نويابىر، كۇچا



# دوستۇم قەلەندەر

**1**

يىتىلەپ مەن تۆگىسىنى ئىشقىنىڭ
نەگە باراي بىلمىدىم ئاھ، بىلمىدىم.
ئۆلۈكۈمنى تاشلاپ كەتتىم ئۆتەڭگە،
دۇنيا دېگەن ئوچۇق گۆرگە كىرمىدىم.
كۆزۈم جانان تاغلىرىغا باقىدۇ،
كۆز ياشلىرىم ئايغا قاراپ ئاقىدۇ.
كىرپىكىدە ئاھ، قان يۇقى يۇلتۇزلار
چۇشلىرىمنىڭ ئەينىكىنى چاقىدۇ.
بارمىدۇ ئاھ، بۇ ئۆلۈمنىڭ پايانى؟
تەندە جېنىم خىيال سۇرۇپ ياتىدۇ.
يۈرىكىمنى ئوراپ قىزىل ياغلىققا
بىر كىم سۆيگۈ بازىرىدا ساتىدۇ...
ياردىن ئېلىپ مېنى دوستۇم قەلەندەر
ھىجرانلاردىن ماڭا قايغۇ ـ ئەلەم بەر.

**2**

شامال راۋاب سۆڭىكىمنى چالىدۇ،
ئايال ئازاب قۇچىقىغا ئالىدۇ.
ئاي نۇرىدا پىت باقىدۇ قەبرىستان،
ئىت كۆزىدە يۇلتۇز سوغۇق يانىدۇ...
كىشنەپ قالسۇن يۈرىكىمدە ئۇزاق چۆل،
ئۆتسۇن داپىنىڭ ھالقىسىدىن بۇ كۆڭۈل.

هېسسىياتىم يىرتىۋەتكەن شەپەقتە
قۇرۇپ كەتسۇن قۇياشتىكى قىزىلگۈل...
گۈلدىن ئېلىپ مېنى دوستۇم قەلەندەر
غازاڭلاردىن ماڭا بىر تال قەلەم بەر.

3

ساپايەمنى جەز قىلسام مەن ياھۇغا
ئوق تېگىپتۇ كۆزۈمدىكى ئاھۇغا.
كىرپىكىمدىن ئۆتۈپ تۆگە يېتىلەپ
قۇياش يولغا چىقىپتۇ ئاھ، كېچىلەپ.
قىزىرىپتۇ چېچىمدىكى يۇلغۇنلار
شاخ يېيىپتۇ ئىچىمدىكى توغراقلار.
كارۋان تارتىپ قۇلىقىدىن يىڭنىنىڭ
كەپتۇ ماڭا بەش يۈز يىللىق پىراقلار.
مەندىن ئېلىپ مېنى دوستۇم قەلەندەر
جانانلاردىن ماڭا خانە ـ ھەرەم بەر.

2014 ـ يىل 23 ـ دېكابىر، كۇچا



## چۈشكۈن سۆيگۈ

شېئىر قايغۇدىن كېلەر
مۇزىكا قايغۇدىن كېلەر.
يۈرەك يىغلايدۇ، چۈنكى
سۆيگۈ قايغۇدىن كېلەر...
قايغۇ مۇھەببەتنى يارىتار بولسا
قەلبىم
كۆز يېشىدىن كەچمىگىن.

ئاھۇ كۆزىگە باق، ئۇندا ھۆر ئازاب
كۈيلەر سۆزىگە باق، ئۇندا ھۆر ئازاب
گۈلنىڭ تەقدىرى ـ خازان بولماق،
خازانلار يۈزىگە باق، ئۇندا ھۆر ئازاب...
ئازاب ھۆر قەلبنى يارىتار بولسا
قەلبىم
كۆز يېشىدىن كەچمىگىن.

كۆز ياشلىرىڭدىن
مەۋج ئۇرۇپ دەريا ئاقار.
نە ھالىڭنى سورىغاي
دەريادىكى شوخ، ئويناق سۇلار.
كاشكى
بۇ چۈشكۈن سۆيگۈ
يىغلايدۇ، پەقەت يىغلايدۇ.

2014 ـ يىل 24 ـ دېكابىر، كۇچا

# مەجنۇن

ئايال كېيىمنى سالغۇچە
خىيال مېنى يالىڭاچ قىلار.
هايات كېيىمنى سالغۇچە
ئۆلۈم مېنى يالىڭاچ قىلار.
يالىڭاچلىق جەندەمنى كىيىپ
يار كوچىسىدا يۈرەرمەن.

بىلەرمەن قۇياشنىڭ ئەمالىقىنى
بىلەرمەن مۇھەببەتنىڭ رەسۋالىقىنى
مىڭ يىللىق دەشتى ـ چۆلدىن كېلىپ
يار ئىشىكىدە ئۆلەرمەن.

خۇدا مېنى ماڭا بەرمەس
ئىشق مېنى ماڭا ھەيدەر،
مۇساپىرمەن جاھانغا، ئاخىر
ئۆز قۇچىقىمدا ئۆلەرمەن.

2014 ـ يىل 24 ـ دېكابىر، كۇچا



## يار قوزغىغان مۇھەببەت ئۇرۇشى

ئىسقىرتىدۇ يول بويىدىكى سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرى
لەيلەپ چۈشىدۇ ئەرش شاخلىرىدىن قار چېچەكلىرى
ئاڭلىنىدۇ يەر ئاستىدىن ئات تۇياقلىرى
قېچىپ كەتمەكچى بولغان بىر دەرەخ
ئەلۋىدا دەپ شېخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى غازاڭغا
يۈگۈردى قەلبىدىكى ياپيېشىل ئورمانغا.
ئۆلۈۋالماقچى بولغان بىر بىنا
قاراپ چۈشىدىكى خىرە يورۇق دېرىزىگە
ئولتۇرۇپ قالدى ئۈمىدسىزلىكنىڭ قاپقاراڭغۇ پەلەمپىيىگە.
تۆمۈر بولغىنىغا قىلىپ پۇشايمان
ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى بىر ماشىنا...
كېتىۋاتىمەن تەنھالىقنىڭ سوغۇق دالاسىدا
غايىب بولىمەن ئىچىمدىكى توپان بالاسىدا؛
ئىچىمدە يار يوق، ئىچىمدە
يار قوزغىغان مۇھەببەت ئۇرۇشى...
ئىچىمدە
توختىماستىن ئېتىلماقتا ئوق
ئىچىمدە مەن يوق
مەن يوق يەردە نە ئۆلۈم؟
نە كۆرۈم؟!...

سايرايمەن قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ
زىمىستان بۇلبۇللىرىنى تاڭ قالدۇرۇپ.

مۇھەببەت بىرىمەن ھەر بىر ئادەمگە
يۈرىكىمدىكى نەپرەت قاچىسىنى تولدۇرۇپ.

بۇ كوچىدا مەندىن باشقا نە ئىت،
ھەسرەت بىلەن ئۆزۈمگە
قاۋايمەن ئاچچىق...

2014 ـ يىل 26 ـ دىكابىر، كۇچا



## قۇياشتا ئەشەددىي گۈمبۈرلەيدۇ داپ

ئەزەلدىن، غەزەلدىن، ئەجەلدىن خۇدا،
ھەر كۈن بىر ئۆلۈمنى ھەمراھ قىل ماڭا.
ئەي سەنەم، قان يىغلاپ قەبرەم بېشىدا
قايغۇدىن مۇھەببەت پەيدا قىل ماڭا.

قۇياشتا ئەشەددىي گۈمبۈرلەيدۇ داپ،
ئاي يورۇق جەندىدە كېزىدۇ جاھان.
دېمىگىن، مۇدۇرسەم ئادەملىك نامدا،
بەلكى مەن يەردىكى قاراڭغۇ ئاسمان.

لەۋلىرىم لېۋىڭدىن ئۈزگەندە گۈللەر
سورىما، قۇرىدى قانچىلىك باغلار؟
ئاڭلا، بۇ ۋىسالنىڭ ئارغامچىسىدا
ئىككىمىز دۇنيانى باغلىغان چاغلار...

2014 ـ يىل 27 ـ دېكابىر، كۇچا

## ئۆلۈمنىڭ بىرىنچى كۈنى

ئاسمانغا قارايدىغان قۇل ئىدىم
تۇپراققا بارىدىغان يول ئىدىم
ئەي پەلەك
تاشلىۋەتتىڭ نېچۈن مېنى
يەر يۈزىدىكى قۇياشنىڭ قاپقاراڭغۇ ئورمانلىقىغا؟
كۆزلىرى ياۋايى نۇرلاردىن قوراللانغان بىر توپ كىشلەر
مەندىن خۇدا نەدە دەپ سوراشماقتا...
شۇ چاغدا
ئۆلگەندەك قىلىمەن چۈشۈمدە ئوق تېگىپ
مۇردامنى مىدىرلاتتىم، جىم
روھىمنى قىمىرلاتتىم، جىم
جىملىقتىن
ناخشا ـ ناۋالار ياڭرىدى زار ـ زار
ئۆلۈمنىڭ بىرىنچى كۈنى
بەلكى مەن مېهمان بۇرۇنقى ئۆلۈكلەرگە.

2014 ـ يىل 28 ـ دېكابىر، كۈچا



# چارشەنبلىك يار

چارشەنبە كۈنى بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىش ئارزۇسى
سەيشەنبىنى ئاياغ ئاستى قىلماقتا.
باشقا جەسەتتىن تۇرمايمەن، مىلىك قىتىم ئۆلسەممۇ
تۇنجى قىتىمدۇر، يارنى مىلىك قىتىم سۆيسەممۇ
ئاھ، كۆڭلىكمىنىڭ پەرىشان تۈگمىسى
ئاھ، ئىشتىنىمنىڭ ئالدىراڭغۇ ئىزمىسى
ئاھ،
سانسىزلىغان بىرىنچى قىتىم!...

مۇھەببەتلىشىش ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشايدۇ،
شىئىر يىزىۋىتىپ تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالغان ئايالنى
چىكىت قويۇپ ئاخىرلاشتۇرۇشقا
ياكى
ئۈندەش بىلەن ئۆلتۈرۈۋىتىشكە...
ھاياتىم
قان ئىچىدە قىلماقتا داۋام!

2014 ـ يىل 28 ـ دىكابىر، كۈچا

## مۇھەببەت روھىتىكى خۇدا دېگەن خەت

بەك چوڭقۇر پىچاقتۇر روھىنىڭ ئۆكسۈشى،
تەن ئازاب ئىچىدە كۆلگەندىن كېيىن.
تا ئەجەل كەلگىچە ياشاپ ھەر كىشى،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلار ئۆلگەندىن كېيىن.

مۇھەببەت روھىتىكى خۇدا دېگەن خەت،
لېكىن ئۇ تەن بىلەن يېزىلار ئاۋۋال.
چېكىنى بۇزماقتا ئىككى ئالەمنىڭ
باق ئەنە، سۆيۈشۈۋاتقان ئەر بىلەن ئايال...

2014 ـ يىل 29 ـ دېكابىر، كۇچا





## كەل، تونۇشۇپ قالايلى گۈل

غۇنچە كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلاۋاتىدۇ
كۆزىنى ئاچتى ئاھ، لىپپىدە
قانات كەردى شاخلارغا ھالرەڭ ئاپتاپ
ئاندىن يوپيورۇق بىر چىشلەم قان
ئاندىن
جانان ناز ئىلكىدە كىيىم سىيلىۋاتقاندەك
لەرزان
يالىڭاچ پەرىشتىلەر ئۇسۇلغا چۈشتى...

ھاياجان بېسىققاندا خازانغا كەل
تونۇشۇپ قالايلى گۈل.

رېئاللىق ئويغىنىپ كەتكەن چۈشتۇر،
قۇياش ئاستىدىكى كېچىدە.
مۇھەببەت ئىشكىنى چېكىدۇ مەڭگۈ،
ھېچكىشى يوق، ئۆينىڭ ئىچىدە.
شۇڭا
بىر تامچە - بىر تامچىدىن قېنىمنى ئىچىمەن
بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن گۆشۈمنى يەيمەن
ئۇنىڭسىز ماڭا نە ھايات
مۇھەببەتنىڭ ئاچ - زارلىقىدا؟
شاخلىرىمنى سۇندۇرىمەن، گۈللىرىمنى چەيلەيمەن
ئاندىن خازان بولغان بېغىمغا قاراپ يىغلايمەن
ئۇنىڭسىز ماڭا نە شادلىق

نەپرەتنىڭ گۈلزارلىقىدا؟
بىلمەيسەن، مۇھەببەت گۈلى
نەپرەت بېغىدا ئېچىلىدۇ...

هاياجان بېسىققاندا خازانغا كەل
تونۇشۇپ قالايلى گۈل.

تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن، ھەسرىتىم بىر پىيالە
ئىچىۋېتىپ گۈپپىدە
سىردىشاي لېۋىڭنىڭ مەيخانىسىدىكى بۇلبۇللار بىلەن
شائىرغا تاڭ ئاتمايدۇ، تاڭ ئاتقۇزىدۇ
ئاشىق ئىزدەيدۇ يوق يارنى
ناخشا ئاۋازغا ئەگىشىپ جىمجىتلىققا بارار
رەسىم ـ ئۆلۈكنىڭ تىرىكى
ئۇرۇشلار مۇھەببەت ئۈچۈن
ئادەم ئۆلتۈرۈش ـ
ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن
ئادەمنىڭ جېنى
مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر.
مۇھەببەت ئۈچۈن
ئوت سۇغا قانماس
سۇ ئوتقا كىرىشتىن يانماس!...

هاياجىنىڭ بېسىققاندا خازانغا كەل،
تونۇشۇپ قالايلى گۈل.

2014 ـ يىل 29 ـ دېكابىر، كۇچا



## مەن — ئاشۇ تاش

يۈزىنى شاماللار تالىۋەتكەن
كۆزىنى قۇياش نۇرى تىندۇرىۋەتكەن
تىلىنى چاقماق كېسىۋەتكەن...
سۈكۈتنىڭ قاراڭغۇ دالىسىدا
ياتار جەسىتىنى قىمىرلىتىپ بىر يۈرەك.
مەن –
ئاشۇ تاش!

ئىچىدىن
ئاڭلىنار يامغۇرنىڭ تورۇكلىغان ئاۋازى
دەريانىڭ شارقىرىغان ئاۋازى
ئات تۇياقلىرىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى
شۇ قەدەر جىمجىت،
ياتار ئۇ
ئۆلۈپ قالغاندەك
ھېلىلا ۋارقىرايدىغاندەك...
مەن –
ئاشۇ تاش!

ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرى
تاغنىڭ يۈرىكىدىكى ئارمان ئىدىم.
ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى
دەريانىڭ چۈشىدىكى ئاسمان ئىدىم.
مىڭ يىل ئىلگىرى

يارنىڭ بويىندىكى مارجان ئىدىم.
بوران تاشلىۋەتتى تاغدىن مېنى
دەريادا مىڭ يىل ئاقتىم.
سۇ تاشلاپ قاچتى سايغا مېنى
مىڭ يىل يادا ياقتىم.
مىڭ يىل
جەڭگاھتىكى ئات تۇياقلىرى ئاستىدا
يارنىڭ يولىغا ياقتىم.
ئاھ، نادامەت
ئاھ، ھەسرەت
نېمانچە ئېغىردۇر بۇ يۈرەك؟!...

ئەي سەييياھ
كېتىۋېتىپ پەلەك تاغلىرىدا
كۆرسەڭ غۇلاپ چۈشۈۋاتقان بىر تاشنى
تۇتۇۋال يۈرىكىڭنى،
مەن –
ئاشۇ تاش!

ئەي يولۇچى
كۆرسەڭ كۈندۈزنىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقىدا
ئاسماننى ئىزدەپ كېتىۋاتقان قۇياشنى
ئەگەش ئۇنىڭغا،
مەن –
ئاشۇ تاش!

ئەي ئاشىق
كېتىۋېتىپ مۇھەببەتسىزلىك قاپلىغان ھاياتتا
كۆزۈڭ چۈشسە يول ياقىسىدىكى بىر غېرىب تاشقا،
ئىشەن



كۆزۈڭدىن ئاققان بىر تامچە ياشقا.
مەن ـ
ئاشۇ تاش!

ئىچىدىدۇر ئاسمىنى،
ئىچىدىدۇر پەرۋازى.
سالار كۆكنى لەرزىگە
لېكىن جىمجىت ئاۋازى.
ئاقار قاندەك يوشۇرۇن
كۆز يېشىنىڭ ئىچىدە.
يېنىپ تۇرار ئۆلۈمدەك
ھاياتتىكى كېچىدە.
تۇتۇپ باققىن باغرىڭنى
ئۇندا بار بىر قارا تاش،
باقار كۈلۈپ ساڭا ئۇ،
كۆزلىرىدە لىق ياش...
ئەي دۇنيا،
مەن ـ
ئاشۇ تاش!

2014 ـ يىل 30 ـ دېكابىر، كۇچا



# كۆز ياشلىرىم ئېيتقان ناخشىلار

1

قاچما جانان، ئاھۇ تاغلىرىم
قاچما جاھان، ياھۇ چۆللىرىم
جەندەم مېنىڭ قىزىلگۈلدۇر
بۇلبۇلدۇرمەن باياۋاندىكى...

يۈرىكىمنىڭ تەمبۇرچىسىنى
توختىتالماس قاندىن قۇياشمۇ.
جاراڭلايدۇ ئايدا، يۇلتۇزدا
كۆز ياشلىرىم ئېيتقان ناخشىلار...

2

مۇھەببەتنىڭ تىز سۈرئەتلىك يولىدا
سوقۇشتى ئاھ، ئىككى ماشىنا
بىرسىدە سەن، بىرسىدە مەن.
ئۆمۈر بويى ناتونۇش ياشاپ،
قۇچاقلىشىپ ئۆلدۇق بىز جەزمەن.

ئۆلۈۋېتىپ ئارقامغا باقسام
ھايات ئىكەن بىر تال ئاپئاق بەت.
ئۇنىڭدا
گىرە سېلىپ شېئىرلىرىغا
يىغلاۋېتىپتۇ ئۆلۈم دېگەن خەت.



3

ئەڭ ئاخىرى باشلىنار بالدۇر
ئەڭ كەيىندە قالار ئالدىراپ.
ئادەم دېگەن بىر تامچىلا سۇ،
قۇرۇپ كېتەر تۇرمىسا كۆيۈپ...

ھۆل يۈرەك
تەشنالىقتىن ئالار مول ـ ھوسۇل.
ئاغزى يوق ئۆلۈم
سۆزلەر تىلسىز ئەدەبىياتنى.

مېنى ئۆلدى دېگۈچىلەرگە
ياشاپ بېرەي قانچىلىك يەنە؟
جىنازامنى قوي يەرگە قۇياش،
بىر دەم
زېمىن ماڭا قىلسۇن تەنتەنە!

4

يىراقلاردا دۈپۈرلەر يۈرەك
يىراقلاردا ياڭرايدۇ ناخشا
يىراقلاردا تاشقىنلايدۇ جام.
ھايات
يىراقلاردا قىلماقتا داۋام!

2014 ـ يىل 31 ـ دېكابىر، كۇچا

# ئۆلۈمۈم ياپياش

2015 ـ يىلى ئاسماندىن
چۈشتى ھاسسىنى توكۇلدىتىپ.
قايرىپ قىش ئاپئاق رومىلىنى
سۆيدى مەڭزىمگە چوكۇلدىتىپ.

مەن سوغۇقتا مۈكچىيىپ تۇرغان ھارغىن ئەرۋاھ ئەمەس
ھايات خۇشال، ياتسىمۇ ئۇ قۇچىقىمدا ئېغىر كېسەل.
قەبرەمنى پىت بېسىپ كەتتى يۇيۇنمىغاچ قاندا
جېنىم تىنىمدە ئېيتىدۇ چۈشكۈن غەزەل.
جەندەم ساڭگىلاپ تۇرىدۇ يىرتىق ئاسماندىن
ئات چاپتۇرۇپ كېلىدۇ يۈرىكىم مۇز داۋاندىن.
ئۈمىد ئۈزمەيمەن شۇندىمۇ
مۇھەببەت قۇشلىرى ۋىچىرلاپ سايرىشىپ تۇرغان
روھىمدىكى گۈل ئېچىلغان زىمىستاندىن.

دەيمەن بەزىدە
تاغلار، قاچانغىچە تۇرىسىلەر ئۆزۈڭلەرگە تاشتەك پېتىپ؟
دەريالار، ئاقىسىلەر قاچانغىچە كەينىڭلارغا قاراپ؟
چۆللەر، يۈرىسىلەر قاچانغىچە سۆيگۈنىڭ مەست تۆگىسىنى يېتىلەپ؟
شېئىرلار، ساقلاۋېرەمسىلەر قېرىپ كەتكەن باللىقىڭلارنى؟...
لېكىن، ئۆلىمەن ئاخىر
مېنى ئۆلۈك دېگۈچىلەرگە قاراپ ئۆلىمەن شۇنچە جاراڭلىق
ئۆلگەن ئاۋازىم ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ناخشامغا ئايلىنىدۇ
بۇ ناخشا ـ



يادلىنىدۇ تىرىكلەرنىڭ قەلبىدە مەشھۇر ئۆلۈم دەپ.
شۇنداق،
قان ئاقمىسىمۇ ئۆلگىلى بولىدۇ
جان چىقمىسىمۇ ئۆلگىلى بولىدۇ
لېكىن بۇ ئەلمىساقتىن كەلگەن قېرى ئۆلۈم
چىشى يوق ماك ـ ماك ئاغزىدا قانداقمۇ ئادەم يېيەلىسۇن؟
ئۆلۈمنىڭ سۆيگۈ دەپ يەنە بىر ئىسمى بار،
شېرىن بولسىمۇ ئۇ بارچە ئۆلۈملەر ئىچىدە
تىرىلىپ قالىدۇ سۆيۈشۈۋاتقاندا.

يېڭى يىلغا
بەزى تىرىكلەر ئۆلۈپ كىردى
بەزى ئۆلۈكلەر كۈلۈپ كىردى.
نۇرغۇن ئادەم قەبرە ئىزدەپ
ئۆلۈكنى يۈدۈپ كىردى.
مەن ئېلىپ كىردىم ئالدىنغان كۈنۈمنى، بېرىدىنغان جېنىمنى
يىغلايدىغان قاچامنى، كۈلىدىغان قاپىيەمنى
كېتىدىغان خەتلىرىمنى، كېلىدىغان دەپتىرىمنى...
نەگە بارسام مۇھەببەت، نەگە بارسام قان
نەگە بارسام ھەسرەت، نەگە بارسام ياش.
نەگە بارسام ياشايمەن قىلىچنىڭ بىسىدا
ئۆلۈمۈم ياپپاش!

2015 ـ يىل 1 ـ يانۋار، كۇچا

## پۇل، سەن قانچىلىك نەرسە ئىدىڭ؟

پۇل، سەن قانچىلىك نەرسە ئىدىڭ، ئادەم ئۆلتۈرەلەمسەن
پىچىقىڭ بارمۇ گۆرەن تومۇرۇمنى كېسىۋېتىدىغان
ئارغامچاڭ بارمۇ مېنى تورۇسقا ئېسىۋېتىدىغان
ماشىناڭ بارمۇ مېنى بېسىۋېتىدىغان
قۇياش مېھمانخانىسىنىڭ 28 ـ قەۋىتىدىن چۈشۈپ كەتسەم
20 قەۋەت پەسلىگىچە جېنىمنى ئېلىپ بولالامسەن؟
قالغان سەككىز قەۋەت ئۆلۈم بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسا
ئۇ بەلكى مەن كىرىشنى ئىستىگەن سەككىز جەننەتتۇر.
بۇ بەلكى مېنىڭ 27 قەۋەتلىك بىنادىن سەكرىۋالمىغانلىقىمنىڭ ئۆزۈمۇ
بىلمەيدىغان سەۋەبىدۇر...
ئۆلۈمنى ئويلاۋېرىپ ھەر كۈنى
ئىچىمگە دۆۋىلىنىپ كەتتى جەسەتلەر تاغدەك
توشۇلماقتا ساندۇق ـ ساندۇق قان.
سۆڭەكلىرىم قوغلاپ كېلەر بىرونىۋىكلاردا
گۆشلىرىم مەغلۇپ بولغان، پېتىراپ قاچقان.
قېچىۋېتىپ قارىسام، ئۆزىنى قۇياش دېدى
ئۈستۈمدىكى قەبرىستان.
ياق قۇياش، سەن پۇل ئەمەس
بىراق، كۈندۈزلەرنى ساڭا كىم ساتقان؟

مەن ئوقتىن قېچىپ كەلمىگەن، يوقتىن قېچىپ كەلگەن
ئاخىرقى زامانىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ماشىنىسىغا چىقىپ،
پۇل، سەن ئۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرىمۇ؟



ئۆلۈمگە كېتىۋاتسام ئالدىمنى توستى ئىچىمدىن بىر ئادەم چىقىپ
دېدى ئۇ: نامرات جەسەت بولما، ئال، بۇ جەننەتنىڭ ئاچقۇچى،
پۇل، سەن تەقدىرنىڭ تۆمۈرچىسىمۇ؟
كۆڭۈل بەر دېسەم يانچۇقۇمنى ئاختۇردى بىر ئايال، سەن قەيەردە دەپ
پۇل، سەن مۇھەببەتنىڭ خەۋەرچىسىمۇ؟
ئورۇق تېنىم ۋەتەنگە ئۇلىشىۋالغان روچىۋىنلەرنى قورۇشقا يارىسا
مەن كۆلمەسمىدىم ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرلەپ شادىمان؟
سۇيۇق قېنىم ۋەتەننىڭ ئالقانچە يېرىنى سۇغۇرۇشقا يارىسا
مەن ئۆنمەسمىدىم ئۇ ئېتىزدا بولۇپ قەھرىمان؟
چىقسا جېنىم ۋەتەن ئۈچۈن بىر قېتىملا
هايات قالماسمىدىم ئاھ، ئۆلۈمنى مەن قىلىپ گۇمران؟!
كۈچلۈك دۆلەت بولۇش ئۈچۈن
كۈچلۈك مىللەت بولۇش ئۈچۈن
كۈچلۈك ئادەم بولۇش ئۈچۈن
پۇل، سەن قۇدرەتلىكمۇ راستىنلا تەڭرى چاقىرىقىدەك؟!...

بېشىمنى ئەگدىڭ ھە، ئېسىڭدە بولسۇن
كۆڭلۈمگە تەگدىڭ ھە، ئېسىڭدە بولسۇن
سەن قەغەز روھنى، سەن قەغەز يولۋاسنى
سەن مېتال چۈشنى، سەن مېتال ئۆتمۈشنى
خەجلىۋېتىمەن ھامان بىر كۈنى بانكىلارنى ئۆچىرەت قىلىپ
نامراتلىقتىن
ئالدىمغا كەلگىچە سەن تىلەمچىدەك قول سوزۇپ...

پۇل، سەن قانچىلىك نەرسە ئىدىڭ؟!

2015 ـ يىل 3 ـ يانۋار، كۇچا

# شۋىرلىدى يار

ھارغىن چاچلىرىمنى سىلىدى يار،
ئاسمان چۈشۈپ كەتتى قولۇمدىن
چېقىلىپ كەتتى شاراب كومزىكى
مۇھەببەتتە دىققەت بولمايدۇ
دىققەت بىزنى مەستلىكتىن توسۇپ قويىدۇ
دىققەت چېچىلىپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟...
شۋىرلىدى يار:
يىقىلدىم، يۈرىكىڭدە مېنى يۆلىۋال
گۆھەرگە ئايلاندىم، مېنى بۇلىۋال.
قەدەھتىن شېرىن مەي تۆكۈلەي دېدى
ئوردىنىڭ تاملىرى ئۆرۈلەي دېدى
باستۇرۇپ كەلگەچە قۇياش لەشكىرى
كېچىنىڭ باغرىدىن مېنى تېرىۋال.
بارچە جەم بولغان قەلب ھۆكمىدە
مۇھەببەت قازىدۇر، مېنى تىلىۋال.
مۇھەببەت سىرتتىن باشلىنىدۇ
ئىچكىرىلە،
بۇ باغرىم ئۆيۈڭدۇر سېنىڭ، كىرىۋال...
ئاناردەك يېرىلىپ
ئۆلۈمدەك تىرىلىپ
يوق بولايلى بىز
شۋىرلىدى يار:
ئۆل، جېنىم



جېنىم، ئۆل
جېنىڭغا قايتاي
ئۆلۈمنىڭ شېخىدىن مېنى ئۈزۈۋال.
خىيالىمدا مەن
جىسمىڭدىن ئۆزۈمنى ئىزدەپ يۈرىمەن.
تاغۇ ـ تاشلارغا
بىر سەۋدالىقنى سۆزلەپ يۈرىمەن.
ئالىملار شېخىغا ئېغىر كېلىشكە باشلىدى
مەرۋايىتتەك بىر يىلان قاسراق تاشلىدى
ئۇ سېنىڭ جىسمىڭغا كىرىپ
ئەبەدىيلىكنىڭ مېۋىسىنى يېمەكچى
جاھانغا
مۇھەببەتنىڭ سىرلىرىنى دېمەكچى.
ئۆلەي
جېنىم
هاياتىمنى قۇچىقىڭغا ئېلىۋال...

چۆچۈپ قۇچاقلىدىم، دىققەتتە
ئاسمان چۈشۈپ كەتتى قولۇمدىن
چېقىلىپ كەتتى شاراب كومزىكى
ئاقتى قەلبىمگە بىر شېرىن خىيال.
خىيالىمدا مەستۇ ـ مۇستەغرەق
شۇئىرلىدى يار:
مۇھەببەت ـ ئۆلۈم،
ئۆلۈم مۇھەببەتتىن باشلىنار!

2015 ـ يىل 11 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

## شېئىرلاردا بولماقتا قاچ ـ قاچ

ئۆلگىلى ۋاقتىم يوق، ياشاش بىلەن مەشغۇلمەن
كۈلگىلى ۋاقتىم يوق، يىغلاش بىلەن بۇلبۇلمەن
ئاپىراي باغلاپ ئۆزۈمنى دار ئالدىغا
چۈنكى مەن
يار دېگەن قۇلمەن...

گۈل كەرەشمە قىلار يالىڭاچ
سۇ دەريادا كېلەر تاراپ چاچ
مەن ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان
بولدۇرۇلغان مەجبۇرى ئەخلاق،
مەندە مەن يوق، باقسام ماڭا مەن
تولدۇرۇلغان قۇپقۇرۇق ئاياق...
ئۆلۈم ئاتلىق، ھايات ياياق
شېئىرلاردا بولماقتا قاچ ـ قاچ.

سۇكۈتنى دۇمباق قىلىپ يېرىۋەتتى شامال
تىنىنى يىرتىپ ـ يىرتىپ سىلىۋەتتى ئايال
ئاھ، خۇدا مەن نە قىلاي
مۇھەببەتنى بايراق قىلدى كۆز يېشى
تىندۇرۇلغان يۈرەكتۇر ئازگال...
تۈندەك قارا تۈكلەر يەلپۈنەر
ئاندىن تۇغما شېئىرلار.
كېسەل ئۆلۈم يۈرەكتە
ھاياتمەن دەپ ۋارقىرار...



قارا، ئادەم ـ ماشىنا
قارا، ئۆيلەر ـ قەبرىستان،
ھەممە يەردە قىزىل پۇل
قان، قان، قان...

ئۆزۈمدىن چىقماي تائەتتە
يوشۇرۇنۇپ يۇرسەم ئايەتتە
تېپىۋالغاندۇ مېنى قانداق
بۇ دەھشەتلىك ئاخىرقى زامان؟!

2015 ـ يىل 1 ـ فېۋرال، كۇچا

## سۆيۈشمەيلى بىز

بىر كۆردۈم، ئىككى كۆرمەك جىنايەتتۇر
بىر بىلەن ئىككىنىڭ ئارىسى ئىبادەتتۇر.
تېنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ، لېۋىڭ قەدەھتىن تېشىپ تۇرىدۇ
قۇچاقلىمايمەن، سۆيمەيمەن، ياق - ياق
سۆيگۈنى سۆيۈپ تۈگەتمەك خىيانەتتۇر.
چۈمۈلدۈردى يەلكەمنى سۇغا
چېچىڭدىكى شارقىراتمىلار...

كىرپىكىڭنى قاققىنە جاللات
كۆزلىرىڭنى ئاچقىنە قۇياش
چاچلىرىڭغا ئاسساڭچۇ مېنى
سۆيدۈم دېمە، يالغان ئۆلىمەن...

بۇزدى مېنى ھېسسىيات
بۇزۇۋەتتى قاپقاراڭغۇ ئېغىلنى،
ئاھ
قېچىپ كەتتى ئىچىمدىكى ھايۋانلار...

سۆيۈشمەيلى بىز!

2015 - يىل 4 - فېۋرال، كۇچا



## يۇلتۇزلارغا قارىدىم ئۇزاق

يۇلتۇزلارغا قارىدىم ئۇزاق،
كۆزلىرىمگە يىقىلدى مىڭ كۆز.
ئايغا باقتىم، لەپىلدەپ پىراق
لەۋلىرىمگە دېۋەيلىدى سۆز.

دەرەخ جىمجىت يېنىمدىن ئۆتەر
ياپراق ئۈنسىز يېشىنى سېپەر.
سېغىنىشقا تولغان بۇلۇتلار
ئاي نۇرىغا چىلىشىپ كېتەر.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئاھ، مېنىڭ كۆڭلۈم
ئاسماندىنمۇ يىراققا كېتەر...

ئاھ، ئۆلۈمدىن تولدۇر بىر ئاپقۇر
قارا چاچلىق گۈزىلىم مېنىڭ،
ماكان تۇتسۇن تېنىڭدە سېنىڭ
پايانى يوق ئەجىلىم مېنىڭ...
ئاھ، قوغلىۋەت مېنى ئاھ، مەندە
سەرسان يۈرگەن ۋەتىنىم مېنىڭ،
چۈشۈمدىكى قوينۇڭدا سېنىڭ
ئېرىپ كەتسۇن بەدىنىم مېنىڭ...
قانچە دەھشەت قۇچاقلىششلار،
كۆيۈپ كەتسۇن ئورمانلار، چۆللەر.
قانچە دەھشەت سۆيۈشۈشلەر،
قۇرۇپ كەتسۇن دەريالار، كۆللەر.

قانچە ئاپئاق يالىڭاچ تۈنلەر
قاپقاراڭغۇ ئۇندا كۆڭۈللەر.
قانچە جىمجىت ئاھ، قانچە جىمجىت
مۇھەببەتنى چاقىرغان ئۈنلەر...
مۇھەببەتنىڭ جىمجىتلىقىدا
جاراڭلىسۇن غەزىلىم مېنىڭ!

يۇلتۇزلارغا قارىدىم ئۇزاق،
كۆزلىرىمگە يىقىلدى مىڭ كۆز.
مۇھەببەتنى شىۋىرلىما دەپ
لەۋلىرىمگە دېۋەيلىدى سۆز!

2015 ـ يىل 3 ـ مارت، كۇچا



## مېنى ئوپېراتسىيە قىلغىنى ئەزرائىل بولسا...

ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە چىقتىم بىرلا تاقلاپ
ئۇندا تۇراتتى يارىم مېنى ساقلاپ
ئوگدا ياتتىم پۇتلىرىمنى كەرىپ، قوللىرىمنى تاشلاپ
ناركوز ئوكۇلى ئۇرۇلدى بېقىنىمغا توككىدە
يىقىلىپ چۈشتۈم بىر يوقلۇققا پوككىدە
كۆزلىرىمنى يۇمدۇم كۆرمەك بولۇپ كۆڭلۈمدىكىنى
كۆڭلۈمدە ئاسمان يوق، خۇدا نەدە تۇرار؟

دوختۇرنىڭ قايچا، پىچىقى
شىرت ـ شىرت قىلىپ كەسمەكتە قورسىقىمنىڭ تېرىسىنى
يىقىن قىلىپ جېنىمغا هاياتىنىڭ نېرىسىنى
ئاغرىسا بولمامدۇ، ۋايجان دېسەم؟
بەرسە بولمامدۇ، گۆشۈمنى يېسەم؟
قېنىم ئاقماقتا شىر ـ شىر قىلىپ
قىزىلمىدۇ، قارىمىدۇ
زەردابىمدۇ، شارابىمدۇ
ئىچسەم بولمامدۇ قېنىپ ـ قېنىپ؟...

زېرىكىپ كەتتىم
قورسىقىمنىڭ يېرىلىشىغا، قېنىمنىڭ ئېقىشىغا
ئۈچىيىمنىڭ تارتىلىشىغا، ئاشقازىنىمنىڭ ئارتىلىشىغا
قاراپ يېتىشقا.
ئاغرىسا بولمامدۇ، ۋايجان دېسەم...

تۇيۇقسىز ناخشا ئېيتقۇم كەلدى،
باشقۇرالمىدىم تىلىمغا دەۋرەپ كەلگەن هاياجانلىق ناخشىنى

ئاھ، ناخشا!...
ـــ دوختۇر، ناخشا ئېيتسام بولامدۇ؟
ـــ ئايەت ئوقۇڭ، ـــ دېدى دوختۇر.
ئىشەندىمكى
دوختۇرمۇ خۇدانىڭ ئادىمى!
مېنى ئوپېراتسىيە قىلغىنى ئەزرائىل بولسا
مېنى ناخشا ئېيتقىلى قوياتتى.
ناخشا ئېيتىۋاتقىنىمدا
جېنىمنى ئېلىپ
يەنە تېنىمگە سېلىپ قوياتتى.
چۈنكى
بۇ دۇنيادا ھاياتلىق ناخشىسىدىن ئەڭ تەسىرلىنىدىغىنى
يەنىلا ئەزرائىل!

بۈگۈن
ئۆلۈمنىڭ رېئاللىق،
ھاياتنىڭ خىيال ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.
تەنىنىڭ پارچە ـ پارچە،
جاننىڭ بىر تال ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.
ھاياتنىڭ بۈگۈنكى ئۆلۈم،
ئۆلۈمنىڭ ئەتىكى ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

ئۆلۈم، ئۆلۈم، ئۆلۈم...
ياڭرايدۇ جىمجىتلىقتا پاتقان ھاياتىمدا
پەقەت شۇ ناخشا.
ئاھ،
ناخشا ئېيتىۋاتقان مىسكىن جېنىم،
ناخشا ئاڭلاۋاتقان غېرىب ئەزرائىل!...

2015 ـ يىل 12 ـ ئاپرېل، كۇچا



# لەنەت تاشلىرى

جېنىمنى بەردىم، ئۆلۈمنى بەرمىدىڭلار
ئۆلۈمنى بەردىم، ئۆزۈمنى بەرمىدىڭلار
ئۆزۈمنى بەردىم، سۆزۈمنى بەرمىدىڭلار
جەسىتىمنى كۆمدۈم باغرىڭلارغا
تىرىلسۇن دەپ ھايات قالغان قەبرىلەر.
دۇنيانى سىلەرگە بەردىم،
ماڭا قالدى دۇنيادا يوق نەرسىلەر.
سىلەر
مېنى يەنە تىرىك دەرسىلەر
تىرىك يەرسىلەر...

قالدىم ئىشق ئوچىقىدا ئوتۇن قىلىپ تېنىمنى
چاچتىم ئىشق چۆللىرىگە يامغۇر قىلىپ قېنىمنى
ۋاي داد، جەسەتلەرگە پۈتلىنىشىپ ئىچىمدە
كەتتىم ئۆزۈمدىن، تاشلىۋېتىپ جېنىمنى...
ئاسمان دەشتلىرىدە غەزەلخانمەن،
يۇلتۇزلار كۆيۈپ كەتتى ئاھلىرىمدا.
تاغلار يەلكەمدە مۈكچىيىپ ئولتۇرار،
دەريالار قۇرۇپ كەتتى چاچلىرىدا.
سۆزلەر سۆرەپ چىقتى ئاۋازىمدىن
مىڭ يىللىق بۇلبۇللارنىڭ ئۆلۈكىنى.
قۇياش سالدى نۇرلۇق بارمىقىغا
كۆزۈمدىن يانغان زۇلمەت ئۈزۈكىنى.

تاملار مېنى توسۇپ مەندىن،
ئىشىك مېنى ئېچىپ كىرەر.
ئۆيگە كىرسە مەن يوق بولسام،
مەن قەيەردە، كىممۇ بىلەر؟
هايات بولسام، ئۆلۈم بولۇر،
ئۆزۈم ياشاپ، ئۆزۈم ئۆلەي.
شادىم كىلۇر قايغۇ تاپسام،
ئۆزۈم يىغلاپ، ئۆزۈم كۈلەي.
يار تەرەپكە ماڭغان بولسام،
تاكى دارغا ئېسىلغۇچە.
دار ۋەسلىگە يەتكەن بولسام
ئۆلەي يارىم تېپىلغۇچە.
مەن بولمىسام مەندە، مەن
نە ئادالەت، نە ھەقىقەت،
نە مۇھەببەت، نە نەپرەت
نە
لەنەت!...

جاھاننى بەردىم، جاننى بەرمىدىڭلار
جاننى بەردىم، جانانىنى بەرمىدىڭلار
جانانىنى بەردىم، ھېجراننى بەرمىدىڭلار
تاشلىدىم ئۆزۈمنى ئايغىڭلارغا
تاش بولۇپ، تۇپراق بولۇپ.
دەسسەپ ئۆتۈشۈڭلار ئۈچۈن
زىلچا - گىلەملەردىن خوپراق بولۇپ.
سىلەر
مېنى يەنە ھايات دەرسىلەر.
سۆيگۈ شارابىنى تولدۇرۇپ
ئۇزات دەرسىلەر.



ھاياتىمنى تاپشۇردۇم ئۆلۈمگە
ئۆلۈمۈمنى تاپشۇردۇم سۆزۈمگە.
سورىساڭلار كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى
قاراڭلار قۇياش پاتقان كۆزۈمگە!

2015 ـ يىل 16 ـ ئاپرېل كۇچا

## ئاجايىب ئۆلەرمەن، ياشاپ ئاجايىپ

گۈلگە مەن دەردىمدىن بىر بۇلبۇل بېرەي،
بۇلبۇلغا جەندەمدىن ئاھ، جۇل - جۇل بېرەي.
كۆڭلۈمگە يار يادى سۇلتان بولۇپتۇ،
سۇلتانغا ئىشقتىن مەن بىر قۇل بېرەي.
ئۇ قۇلنىڭ دەۋايى بىر شايى رومال
رومالنى قايرىسۇن ئاھ، مەيىن شامال...

بىر ئەسكى جان بىلەن بىر تەن يالىڭاچ،
خىيالى قەلەمقاش، چۈشى قارا چاچ.
كۆزۈمدە لىغىرلاپ تۇرغان تامچە ياش،
بىر دەريا سۇ بىلەن بىر تاغ قورام تاش.
جىنىمنى قولىغا ئېلىپ ئوينىسۇن
خالىغان پەدىگە چېلىپ ئوينىسۇن.
قېنىمنى مەي قىلىپ ئىچىپ ئوينىسۇن،
خالىغان يەرلەرگە چېچىپ ئوينىسۇن.
خالىسام جېنىمنى بىر كىمگە بېرەي
ئۆلۈپ مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە كىرەي.
ئۇ ئۆيدە بار بولسا باشقا بىر كىشى،
يار نەدە، بىلمەيمەن، مەن نەدىن بىلەي؟!...

ئەي دۇنيا، كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتىم،
ئەمدى نە غايىبمەن، نە بىر غارايىب؟
ئۆزۈمگە قىلىچتەك سانچىلىپ ئۆزۈم
ئاجايىپ ئۆلەي مەن، ياشاپ ئاجايىپ.

2015 - يىل 19 - ئاپرېل، كۇچا



# ئەزەلدىن بىر كىشى بولۇپ
# باقمىغان ھېچ كىشى

قاچاندۇر بىر چاغدا، قەيەردىدۇر بىر يەردە، كىمدۇر بىرى
مېنى ئۆلۈكلەر قاتارىغا قېتىۋەتكەن

روھىم نەلەردىدۇ تېنەپ يۈرىدۇ، ئاسماندا ئاياغ ئىزىم يوق
تونۇش بۇلۇتلاردىن بىر قانچىسى
بىر قانچە يامغۇر تامچىسى
سۆزلەپ يۈرىدۇ پەلەكتىكى گۈلدۈرماملىق ھېكايەمنى

مەن بىر كارۋات ئىچىمدىكى ئايال ئىغىناپ ياتقان
مەن بىر يوتقان ئىچىمدىكى ئايالنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغان
مەن بىر ياستۇق لەيلەپ يۈرگەن ئىچىمدىكى ئايالنىڭ چېچىدىكى
دېڭىزدا
مەن چۈش كۆرىدىغان تامدىكى شەھۋەت دېغى
مەن ئايدىڭدىكى ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ تېرەك
مەن نەچچە مىڭ دېھقان ئېشەككە سۆرىتىپ بۇغدايلىققا ئېلىپ كېتىـ
ۋاتقان قۇياش
مەن نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ كۆزىدىن تارام - تارام ئېرىقلارغا بۆلۈ-
نۈپ بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىدە قوشۇلغان دەريا
مەن ئۆلۈم شاماللىرىدا يالىنى يەلپۈتىۋاتقان چېلانتۇرۇق
مەن دۈشمەن كۆكسىدە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئوق
مەن
ئەزەلدىن بىر كىشى بولۇپ باقمىغان ھېچكىشى

قاچاندۇر بىر چاغدا، قەيەردىدۇر بىر يەردە، كىمدۇ بىرى
مېنى: سەن بىر ئۆمۈر ياشىيالمايسەن، دېگەن.
بەلكىم، هازىر ياشاۋاتسام كېرەك ئۆمرۈم تۈگەپ
بەلكىم
ياشاش ـ هايات بىلەن مۇناسىۋەتسىز...

2015 ـ يىل 22 ـ ئاپرېل، كۇچا



# جۇنۇن

جۇنۇن يولىدا مەن، يۈزۈم توپا،
پەرياد بورانلىرىدىن كۆزۈم توپا،
كۆمەر سۈكۈت باسقان ھاياتىمنى
چىقىپ ئاۋازىمدىن سۆزۈم توپا.

مېنى تونۇمايدۇ يەردە قەبرە،
مېنى تونۇمايدۇ كۆكتە قۇياش.
يىغلايدۇ پەقەت ماڭا، مەڭزىمدىكى
يارنى تونۇيدىغان بىر تامچە ياش.

جۇنۇن يولىدا مەن يات ـ يېگانە،
يۈزۈم توپا، كۆزۈم توپا، سۆزۈم توپا.
دۇنيا بىر كۇلالچىدۇر، يار ياسايدۇ
مەندىن ئىشق خۇمدانىدا، ئۆزۈم توپا.

2015 ـ يىل 24 ـ ئاپرېل، كۇچا

## پويىز بوراندا قالدى

پويىز بوراندا قالدى، قورسقىم ئاچماقتا
تەنلەر جەسەتكە ماڭدى، جانلار رەھمەتكە.
ئۇزاتتى بىر كىم شۇئىرلاپ: مە، بۇ كەمپۈتنى يە...
ئوراپ ئۆلۈمنى مۇھەببەتكە.
مۇھەببەت
ئىككىنچى ۋاگوننىڭ 56 ـ نومۇرلۇق ئورۇندۇقىدا
ئۆلۈمگە باسقۇنچىلىق قىلماقتا.

تەن پارچە ـ پارچە لاي، جان بىر تال،
چىقساڭچۇ ئىچىمدىن گىرە سېلىپ بوينۇمغا
ئاھ، جېنىم، ئاھ ساھىبجامال
كۆزلىرىڭ قېنى، مېنى كۆرگىلى كەتتىمۇ؟
لەۋلىرىڭ قېنى، مېنى سۆيگىلى كەتتىمۇ؟
قوللىرىڭ قېنى، مېنى ئۆلتۈرگىلى كەتتىمۇ؟!...
مەن بوراندا قالغان پويىزدا
تەگرىمنى كۈلدۈرگىلى ماڭدىم.

چاي ئىچمەكتە ئۇدۇلۇمدا
خەنجىرى ئوتلۇق قارا كۆز قاتىل.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا
تاماكا چېكىپ ئولتۇرىدۇ ئەزرائىل.
مەن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ
قاراپ ئولتۇرىمەن خىيالىمنىڭ ئاپئاق يوتىسىغا.

2015 ـ يىل 27ـ ئاپرېل. پويىز



# بۇلۇتلار ئارا

كىچىكىمدە ئاسماندا ئۇچۇشنى ئويلايتتىم
كېچىلىرى دائىم ئۇچۇپ چۈش كۆرەتتىم
ئۇچۇۋېتىپ تۇيۇقسىز
ئاسماننىڭ قەھرىدىن موللاق ئېتىپ يىقىلغىنىمدا
قورقىنىمدىن سىيىپ قويغان كۆرپىلىرىم
كۆكتىكى ئاشۇ توپ ـ توپ بۇلۇتلاردۇر

ھە، مانا ئۇچتۇم،
يەر يۈزىدىن **10** مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە
بۇلۇتلارنى قولتۇقلاپ
مۇئەللەق دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتىمەن.
نەدىدۇر مەن ئىزدىگەن ئاسمان،
نەدىدۇر تەڭرى؟
دېدىكى: چىق يەنە **10** مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە
ئۇندا كۆككە قاراپ **10** مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە تەلپۈنگىن يەنە
ئۆرلىگەنچە يىراق ئاسمان،
يىراقلاشقانچە يېقىن تەڭرى.
ئاھ، قەلبىم
ئاھ،
تەڭرى بار ئاسمان نەقەدەر كەڭرى!...

2015 ـ يىل 5 ـ نويابىر، شاڭخەي ــــ چىڭپۇ

## كۆزلىرىم قاراڭغۇ

كۆزلىرىم قاراڭغۇ
كىرپىكلىرىم قۇچاقلىشىپ يىغلاشماقتا

تىپتىنىچ سۇ
قۇشلار كۆيى كېزەر ھەرياندا.
چۈش پەرىسى
بىلىقلارنى سۈزەر تۇماندا.
نەدىدۇر ئاي، نەدىدۇر؟
ئوڭدا يېتىپ نىلۇپەرلەر باقار ئاسمانغا.
...
جىمجىتلىقتا سانجىلغان چارتال
كامپۇرا، ئەي يالغۇز ئايال، ئاھ، ساھىبجامال.
مەن ـ مەن ئەمەس، ئىچىمدىكى باشقا بىر كىشى
يارنىڭ ئىسمى يېزىلغان خەت، بۇ جۇل ـ جۇل يۇرەك.
ئۆلتۈرىۋەت چۈشۈمدىن چىقىپ،
كۆكسۈم
ئۆرلەپ ـ پەسىيەر دېڭىزدەك ھەيۋەت.
ئاپئاق ئايدىڭدا تىترەر قۇملۇق،
قۇملۇقتا
ئاپئاق ئايدىڭ ئەبەدىل ـ ئەبەد...

2015 ـ يىل 6 ـ ماي، شاڭخەي ــ چىڭپۇ



## سۇنىڭ تويى

يىراقلاردىن ھۇ تارتىپ
كەلدىم دېڭىز بويىغا.
باشلاپ كەلدىم تەكلىماكاننى
سۇنىڭ تويىغا.

سۇ...
تەكلىماكان سۇنىڭ خانىلىقى،
سۇ...
دېڭىز ـ ئۇنىڭ قەبرىستانلىقى.
سۇ...
ياش تۆكمەكتە دەريا ـ ئېقىنلار
قان تۆكمەكتە يېزا ـ قىشلاقلار
تامچە سۇ ئۈچۈن!

تەكلىماكان
داپ چالماقتا سۇنىڭ تويىدا...

2015 ـ يىل 6ـ ماي، شاڭخەي ـــ چىڭپۇ

## جەندەمدە پىتلار تاراقلار

كۆڭلۈمدىن تالاغا چىقىپ
يار يوق دۇنيادا يۈرمەيمەن.
كۆزۈمنى يۇمۇپ خۇدا، دېدىم،
ئاچسام ھېچكىمنى كۆرمەيمەن.

ئاھ، مېنىڭ يىرتىق سۈكۈتۈمنى ياماۋاتقان
قاراڭغۇ قايغۇمنىڭ ناخشىلىرى،
يۈرىكىمدە ئوت قالاۋاتقان
ئىشق گۈندەمنىڭ باخشىلىرى
مېنى
ئاسماننىڭ بوسۇغىسىدا تاشلاپ قويماڭلار.
يار
ئۆلتۈرەر مېنى ئۆلگىچە
مېنى ئاشۇ دارغا ئېسىپ ئويناڭلار.
گۈلدىن كەچمەس چۆل
چىراغ چاچلىرى تۈتۈنلەر.
كۆڭلۈم يېرىم
ئۇنى نە كىم پۈتۈنلەر؟...

روھ ئاتلىرى كەبى
جەندەمدە پىتلار تاراقلار

2015 ـ يىل 9 ـ ماي. شاڭخەي ــ چىڭپۇ



# مېنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار

ياپيېشىل دەرەخزار، سۈپسۈزۈك كۆللەر
مەڭزىمنى ئەلەملىك ياش بىلەن ھۆللەر.
ئىزدەيمەن كۆلكىلەر ئىچرە كىمنىدۇ،
قەلبىمدە سېغىنىش دەمدىرى ئۈنلەر.

كۆيدۈرەر باغرىمنى پىراق يامغۇرى،
ئاتىمەن ئۆزۈمنى ئاتەش دېڭىزغا.
بىلىق بوپ قاچار ئاھ، مۇھەببەت بىلەن
قولۇمنى ئۇزاتسام سۇدىكى قىزغا.

ئىسلىپ كۆلكىنىڭ ئاياغلىرىغا
يۈرىكىم سۆرىلىپ يىغلايدۇ ۋار ـ ۋار.
يالىڭاچمەن، كۆرمەيدۇ بىراق ھېچكىشى،
بىر ئوتمەن، ئوت ئىچرە بولىمەن گۈلزار.

ئاھ، مېنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار
تاپاي سۇ ئاستىدىن تەكلىماكاننى.
يىقىلىۋاتقان توغراقلارغا قاراپ
تىك تۇراي مەن يەنە قەلبىمدە مىڭ يىل!

2015 ـ يىل 10 ـ ماي. شاڭخەي ـــ چىڭپۇ

## گۈزەل قۇشلار سېنى تونۇماس

ئاسمان دېڭىزغا ساڭگىلىدى
يىرتىق پالاستەك بۇلۇتلار
قۇياشنى ئېپكەتتى ئۇپۇق تەرەپكە
قالدى ناخشىلار قاراڭغۇدا
گۈزەل قۇشلار مېنى تونۇماس

ئاي كىرىپ كەتتى قۇياشنىڭ غۇۋا كەپىسگە
كۆلەڭگىلەر كىرىپ كەتتى دەرەخلەرگە
يۇلتۇزلار چىم ـ چىم قىلىپ قىلماقتا غەيۋەت:
ئىبادەت تۈگىدى، ئىمان كەلمەي تۇرۇپ
مۇھەببەت تۈگىدى، جانان كەلمەي تۇرۇپ...
چاقىردى مېنى خىيالىم ماڭا:
كەل، كۆڭلۈڭ ئىشرەتكە پىنھان بىر خانە
بۇزغىن ئۇ خانىنى، بولغىن مەردانە.
خۇدا يالغۇز قالۇر ئاخىرى سەندە
سەن ھەم بولغىن ئاڭا بىر دانە، بىر دانە.
...
يىغلاپ تاشلىدىم ھاياجاندىن

يالغۇز دەرەختە يۈرەك بار دەيدۇ
بەلكى ئۇ سانسىز يوپۇرماقلار ئىچىدىكى بىر تال يوپۇرماق.
ئاڭلىدىم ئۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېيتقان ناخشىسىنى:
گۈزەل قۇشلار سېنى تونۇماس!...

2015 ـ يىل 11 ـ ماي. شاڭخەي ــ چىڭپۇ



## بوغۇزلىنىۋاتقان قوي

ئېقىۋاتقان قانلىرىمدا ئەتىرگۈللەر بەرق ئۇرار
ئەي قان تۆككۈچىلەر
سىلەر بىلمەستىن گۈزەل بىر باغنى بىنا قىلىۋاتىسىلەر

گۈگۈمدىن كېيىن بارچە چىراغلار يېقىلدۇ
يۇلتۇزلار نەقەدەر يىراق،
يېقىن لېكىن بىزگە ئۇ شۇنچە.
ئازاب ۋە دەھشەتتىن
پارە ـ پارە بولمىغىچە تېنىمىز
ئېچىلدۇ قانداق ۋۇجۇدىمىزدىكى ئۇ غۇنچە؟

ئەي مەشۇقۇم
كەچكى شەپەقنى ياغلىق قىلىپ ئارتىۋال،
ئۇ مېنىڭ قانغا مىلەنگەن يۈرىكىمدۇر!

2015 ـ يىل 12 ـ ماي، كۇچا

## جىنىم، بۇ ئاخىرقىسى...

قۇياش يانپاشلىدى ئۇپۇققا، ئۇخلىدى خور ـ خور...
گۇگۇم ساغرىسىنى قاشلاپ كۆلۈپ كەتتى.
خىيالىم يېشىندى، ئىچىدىن بىر ئايال چىقتى
نە تېنى، نە جېنى بار؟... تۇغۇلغىنىچە ئۆلۈپ كەتتى.
ئۆي ئۆرۈلدى تالادىكى مۈشۈكنىڭ ئاۋازىدىن،
قىسسىلەر يىغىنىسىدىن يىپ سۆرىلىپ كەلدى.
يىپنىڭ ئۇچىدا بىر كاللەك سۆز،
سۆزلەر زىنىاسىدىن دۇنيا تۆرۈلۈپ كەلدى.
دېدىڭ لېۋىمگە سۆيۈپ تۇرۇپ:
جېنىم بۇ ئاخىرقىسى...
بىلىمەن، داۋاملىشىدۇ ئۇ ئاخىرغىچە.

دېڭىز قەدەھ كۆتۈردى يىغلاپ چۆل ـ چۆل،
كەلدى بۇلۇتلار كىرپىكلىرى ھۆل.
يېرىم ئاسمان سۇ ياغدى، يېرىم يەر يوق،
يوق يەر باياۋان
باياۋاندا ئۆركەشلەر كۆڭۈل.
بىلمەيمەن، ئاتىم كىمۇ، زاتىم كىم،
يەردىن ئۈندۈمۇ، كۆكتىن تامدىمۇ؟
يېمىكىم قاتتىق نان، كېيىمكىم ئەسكى چاپان،
بار بولسام قېنى، يوق بولسام بارغا قاندىمۇ؟
جەندەمدە تاراقلار پىتلار نەغمىسى
ئىچىمدىكى قازناقتا چاشقان كېتىرلايدۇ.



بىر كىم قۇلىقىمغا: سەنسىز ھېچ يەر يوق،
يوق يەردە سەن بار، دەپ پىچىرلايدۇ.
دېدىلىڭ لېۋىمگە سۆيۈپ:
جېنىم، بۇ ئاخىرقىسى...
بىلىمەن، داۋاملىشىدۇ ئۇ ئاخىرغىچە.

2015 ـ يىل 14 ـ ماي، شاڭخەي ــ چىڭپۇ

## يامغۇر

يامغۇر ياغلىقنى ئېلىۋەتتى
چاچلىرى ئېقىپ چۈشتى شارقىراتمىدەك
يەلكىسىگە نازۇك چىمەنلەرنىڭ

يامغۇر كۆڭلىكنى سېلىۋەتتى،
كۆكسىنى لىغىرلىتىپ لەپ ـ لەپ
چاقماق يورۇقىدا ئۆتتى يۈگۈرۈپ...

يامغۇر يالىڭاچ بولدى پۈتۈنلەي،
نازۇك قوللىرى بىلەن تورۇكلىتار دېرىزەمنى
«چىقە، ئېپلاس» دەپ ۋارقىرىغىنىچە...

2015 ـ يىل 15 ـ ماي، شاڭخەي ـــ چىڭپۇ



# تاش ئات

مىڭ يىل بۇرۇنقى ئات
مىڭ يىل كېيىن تاش.
ئاڭلا، ئۇ ئۇنسىز كىشنەۋاتىدۇ
تارىخنىڭ زەنجىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن...

ئۇرۇش داۋاملاشماقتا
ئادەم كاللىسىدىن تىكلەنگەن تىنچلىق ئابىدىلىرى
ئېگىزلەپ
يەتتى ئەرشتىكى تەڭرى ئوردىسىغا.
تەڭرى دەيدۇكى:
ئۇرۇش باشلانغىلى بەش مىڭ يىل بولدى،
ھېلىھەم
مەزلۇملارنىڭ ئەركى يوق
مىسكىنلەرنىڭ ۋەتىنى.
ئىنسانىيەتنىڭ ئۇرۇش قىلىپ ئېرىشكىنى
يېڭى دۈشمەنلىك ۋە
ئۇرۇش قىلىدىغان يېڭى مۇھىتتۇر.
...
مەڭگۈ تىنچلىق يوق،
لېكىن
مەڭگۈلۈكتۇر تىنچلىق ئۈچۈن تۆكۈلگەن قانلار!

2015 ـ يىل 22 ـ ماي، نەنجىڭ

## مەن باشقا ئادەم

مەن تۈيۈقسىز باشقا ئادەم
مەن تۈيۈقسىز باشقا بىرسى.
مەندىن باشقا ئون ئالتە ئادەم،
مەن باشقا بىرسى
مەن ئەمەسمەن ئون يەتتىنچىسى...

يالغۇزلۇقۇم يانار تۇماندا
چىراغلاردەك پىل ـ پىل ۋە غىرىب.
كۆل سۈيىدەك تاشماقتا قەلبىم،
تاشماقتا گويا
كۆل سۈيىدەك پىل ـ پىل ۋە غىرىب.

دولقۇن يېرىپ ماڭماقتا كېمە
يول ئېچىپ بىر يېڭى سۆيگۈگە.
غايىب بولار بىردەمدىلا ئۇ،
غايىب بولار
كۆڭۈل گويا سۇدىكى يولدۇز.

2015 ـ يىل 22 ـ ماي، خاڭجۇ ـــ شىخۇ كۆلى



## لەۋلەر ساماسى

بىھۇش پەلەكنى تاپىنمدا كۆر
يۇلتۇزلار كۆزۈمدە كىكەچلىمەكتە.
يۈزۈمدىكى ئىشق ئاپتىپىدا
ئاپتاپپەرەس چىچەكلىمەكتە.
ئۇدۇلۇمدا ئەينەك، ئەينەكتە خۇدا
يارىتىدۇ مىنى ھەر باقسام.
روھىم ئەرشكە كىتەرمۇ ئۇچۇپ
ئەينەكنى چاقسام؟...
جىنىڭ تەن سارايىدىن كىتەي دەيدۇ،
ئەي غوجا، ئۇ مىھمانغا خوش دە.
قانچە دەھشەتتۇر سۆيگۈسىز ياشاش،
يار بولمىغان جانانغا خوش دە!

لەۋلىرىمگە سۆي، لەۋلىرىڭدە
شاراب قايىنتىمەن

2015 ـ يىل 24 ـ ماي، سۇجۇ

## زاھىد

سۈركىلىدۇ بىر ـ بىرىگە ناشايان
گاھى ھايات، گاھى ئاچلىق، گاھى نان.
بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرى سۆيگۈدۇر،
سۆيگۈ ـ
يۈرەكتىكى مىلتىق ئاسقان ئىمانمۇ؟

نېمانچە جىق، نېمانچە جىق ئادەم بۇ،
تېگىشىدۇ سۆيگۈ ئىستەپ بەدەنلەر.
بىر ـ بىرىگە تۇرار قورال تەڭلىشىپ
لېكىن دىلدا باشقا ـ باشقا ۋەتەنلەر.
ۋەتەن ـ
سۆيگۈ ئۈچۈن مىلتىق ئاتقان ئىنسانمۇ؟

قانچە ئۇلۇغ، قانچە چەكسىز سۆيگۈ بۇ،
سۆيۈپ ـ سۆيۈپ ئازدىم ئاخىر ئىماندىن.
يوقاتتىم ئاھ، خۇدانى مەن يوقاتتىم...
كېتەرمەنمۇ تاپالماي بۇ جاھاندىن.
خۇدا ـ
ئۆلمىگۈچە يار بولماس شۇ جانانمۇ؟!

2015 ـ يىل 27 ـ ماي، شاڭخەي



## باشقا بىر يول

قەبرىگە كېتەي، ياشىمىقىم گۇناھ بولسا
ھارغىن ئاپتوبۇس ئېلىپ ماڭسۇن مېنى جەھەننەمگە
چىڭقى چۈشتە قۇياش قانداق ئايغا ئايلىنار
سۆيمەي تۇرۇپ قايسى ئايال يارغا ئايلىنار؟...

ئىچىم نە سەۋەبتىن تېشىمغا ئۆرۈلۈپ قالدى،
كۆزلىرىمدىن
يار ھەققىدە سۈرگەن خىياللىرىم كۆرۈنۈپ قالدى.
مېنى تاشلىۋېتەر قۇياش ھامىنى
تۈندىن ئېلىۋالاي قارا ھاسامنى...

جەسەت، جەسەت... ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى
يول يوق ھاياتقا ئۆلۈمدىن باشقا
يەنە بىر يول - ياشاشتۇر، لېكىن ئۇ يوق يول!

2015 - يىل 29 - ماي، شاڭخەي



# ئايزۆھرە

يۈزۈڭ ئايمۇ،
كۆزۈڭ زۆھرە؟
كۆردۈمكى،
ساپايە چېلىپ چىقتى سانسىز كېچىلەر
سېنىڭ ئىسمىڭدىن.

ئىسمىڭ يورۇقتۇر،
قۇياش بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالار
ئىسمىڭنىڭ بوسۇغىسىغا.
چىرايلىق چۈشلەر
ئۇچۇپ چىقار ۋىچىرلىشىپ ئىسمىڭدىن.

ئىسمىڭ
قەلبىم زۇلمەتلىرىدە چاراقلار

2015 ـ يىل 10 ـ ئىيۇن، مەكىت



## خوتەن ساڭا قالدى

— دوستۇم ئابدۇرېشىت ئېلىغا

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا
يۈرەك دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇش بار ئىدى كۆكسىمىزدە
سايرايتتى ئۇ كېچە - كۈندۈز مۇھەببەت دەپ،
مەيدەمنى ئېچىۋېتىپ مەن بۈگۈن
ئاشۇ قۇشنى كۈتىمەن.

ئاشۇ يىللاردا بىنالار
ئېگىز ئەمەس ئىدى سەندىن ھەم مەندىن.
ئاشۇ يىللاردا پۇل
قىممەت ئەمەس ئىدى سەندىن ھەم مەندىن.
ئاشۇ يىللاردا مۇھەببەت
شېرىن ئەمەس ئىدى سەندىن ھەم مەندىن...
ئاشۇ يىللاردا
بىز شېئىر يېزىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن قىزلارنىڭ
كېچىلىرىمگە قايتىپ كېلىشىنى كۈتىمەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى
ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرسام بىر ۋاراق قەغەز ئۇچۇپ كەلدى
تۇيۇقسىز
قەغەزدىن بىر شېئىر چىقىپ
شېئىردىن بىر قىز چىقىپ
قىزنىڭ قوينىدىن سەن چىقىپ

دېدىڭ: دوستۇم، دۇنيادا مۇھەببەت قالماپتۇ...
ئاردىن 20 يىل كېيىنكى بۇ ئاخشامدا
مۇھەببەتنىڭ قىزغا
قىزنىڭ شېئىرغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتىمەن.

دېگەنسەن بەلكى: ئۇ بىر سەرگەردان، ئۇ بىر تەلۋە،
دېگەنسەن بەلكى قىزدىكى شېئىردىن ماڭغىنىڭدا تالاغا.
خوتەن ساڭا قالدى دېگەنمەن، ياكى دېمىگەنمەن
داۋا ئىزدەپ ماڭغاندا مەن ئۈزۈم تاپقان بالاغا...
بىلمەيمەن دوستۇم، بىلمەسلىكىمنى ئەيىب ئەتمە
مۈكۈپ يۈرگىنىمدە سېنىڭ تېپىۋېلىشىڭدىن قورقتۇم.
مېنى ھەممە ئادەملەر ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئىشەنگەندە
سېنىڭ تىرىك يۈرگىنىمنى كۆرۈپ قېلىشىڭدىن قورقتۇم.
كاشكى، قورقمىغان ئىدىم رەقىبلىرىمدىن قىلچە
كۆكسۈمگە پىچاق تىرەلگەندىمۇ،
سەندىن قورقتۇم، تۇيۇقسىز تېلېفون قىلىپ:
دوستۇم، نە ھالدىسەن؟ دەپ سوراپ قېلىشىڭدىن...
بىلمەيمەن، دوستلۇق شۇنداق قورقۇنچلۇق بولامدىغاندۇ؟
بۈگۈن بۇ قورقۇنچنى ساڭا ئېيتاي دېسەم
زۇۋانىم چىقمىدى شېئىردىن بۆلەك
ئاھ، بۇ شېئىر نەقەدەر قورقۇنچلۇق؟!...
شۇ قورقۇنچ ئىچىدىن
يېنىمغا قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتىمەن!

2015 ـ يىل 27 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى



# توي خېتى

يار، يېنىمدا تۇر، يازاي مەن توي خېتىمىزنى
بىر ئۆمۈر يازغان شېئىرلىرىم يەتمەس بولسا...
يازاي، يۈرىكىمدە سېنى كۈيلەپ ئېقىۋاتقان قان بىلەن
يازاي، تېنىمدىن سېنى ئىزدەپ چىقىۋاتقان جان بىلەن
يازاي، يازاي
دەرد بىلەن، ھىجران بىلەن
بۇ ئۆلۈم پەيتىدە قۇچىقىڭغا يىقىلغان جەسىتىم
بولسۇن بىزنىڭ توي خېتىمىز...

2015 ـ يىل 5 ـ ئاۋغۇست، كۇچا



## بىلىمەن، كەلمەيسەن

يول بويىدىكى ئورۇندۇقتا
كۈتۈشلەر مېنى سۈكۈتكە مىخلاپ قويدى
كۈتىمەن
كۈتىمەن
كەلمەيدۇ قەبرىلەر...

چۈشۈمدە ئۇخلاپ ئولتۇرىمەن
خىيالىمدا يىغلاپ ئولتۇرىمەن
كۆزۈمنى قاراڭغۇ قىلدىم
كەل جېنىم ئاي نۇرىدىن، يۇلتۇز شولىسىدىن
ئاسماندا غايىب ئاۋازىم
ئۆزۈم يەردە توۋلاپ ئولتۇرىمەن...
تۇپراق ئادەم يەيدىغان چاغدا
بىر كەتمەن، بىر كەتمەندىن
يەتتە كەتمەن ئىشقىم...
تەڭرىم
توپىدىن ئادەم ياسىغان چاغدا
بىر - بىرىدىن ئاۋارە
يەتتە دەردمەن ئىشقىم...
سەن
قەبرەم بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرىسەن.



بىلمەن، كەلمەيسەن،
كۈتۈش گۈزەل كەلمىگەچكىلا
سۆيگەنچە قەلب يوق
مۇھەببەت سەن كەتكەن تەرەپتە!

2015 ـ يىل 13 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



# ھېچنېمىسى يوق...

دېدىم: ھېچنېمىسى يوق،
دېدى: مەن ھەممە نېمىسى...
قايغۇسى ئۈستۈمگە
سەھەرنىڭ سالقىن يوتقانلىرىنى ياپىدۇ.
يىغىسى بوينۇمغا
قايغۇنىڭ كۆز ياش مارجانلىرىنى ئاسىدۇ.
كېچىلىرى مېنى ئۇخلىتار
يىراقتىن چەككەن ئاھلىرى بىلەن.
خىياللىرى مېنى قۇچاقلار
ھۇجرامغىچە سوزۇلۇپ كىرگەن شاخلىرى بىلەن.
دەيدۇ: ئۇخلا، ئۇخلا
ئوڭ يېنىڭدىمۇ مەن بار
سول يېنىڭدىمۇ مەن بار
سەن قاچان ئويغانساڭ شۇ چاغدا تاڭ ئاتىدۇ.
ئۆزى جۇدالىقنىڭ قاپقارا زۇلمىتىگە چېلىشىپ تۇرۇپ
دېرىزەمنىڭ ئالدىدا قۇياشنى ساقلاپ تۇرغىنى ئۈچۈن
ئۇنى سۆيىمەن...

2015 ـ يىل 22 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



# سەن بار شەھەرگە ماڭدىم

ھايات سەن تەرەپتە، خۇدا سەن بىلەن بىللە
مامات مەن تەرەپتە، مەن خۇدا بىلەن بىللە
سۆيگۈ ئىككىمىزنى ياراتماقتا
مەڭگۈ ئاخىرلاشماس جۇدالىقتا...
قۇياش ئاسماندا بىر ئاسىي باخشى
كۆڭلۈم قاچان ئىچىلار، دەردتىن قۇتۇلار؟
كۆيۈك چۆلدۇر، سۆيۈك دەريا،
ئۈزۈك غۇنچىلاردىن زەنجىر سوقۇلار.
تاراملاپ ئاققان كۆز ياشلار بىلەن
قەلبىمدىكى خەتلەر ئوقۇلار.
سۆيگۈم يوقالماس،
بەلكى بىردەم ئۆتۈپ ئالەم يوقۇلار...
سەن بار شەھەرگە ماڭدىم
ئەگەشتى بۇلۇتلار ئۈستۈمدە
ئەگەشتى سايلار ئارقامدىن
ئەگەشتى ماشىنا چاقلىرى دۈكۈر - دۈكۈر...
سەن بار شەھەردە مەن يوق؛
ئۆلۈكلەر لەيلەر كۆكتە پارچە - پارچە
ئاي يىرىم يارتا قىز
گۈللەر شۈمشەيگەن غىرىپ، ئەنسىز
كۆز ياشلار ساۋار دىلنى بولۇپ قامچا
يۈندا چىراي ھاۋا
تۈكۈرگەن قاندىن يىرىم قاچا

سۆيگەن ئاۋاز، شارقىرىغان دەريالاردەك...
سۆيگۈدىن كەلگەن ئادەم يوق مەندىن باشقا
ۋادەرىخا
مەن بار شەھەردە سەن يوق...

كېتىۋاتىمەن
سېغىنىش يىقىنلاشتى دوزاخقا
دوزاخ يېقىنلاشتى جەننەتكە
بىز
جەننەتتە ئۇچرىشىمىز
ئۆلگەن ئادەم كۆزىنى ئېچىپ
خۇدانى كۆرگەندىكى ھاياجان بىلەن
ۋادەرىخا
يەنە مىڭ يىللىق دوزاختىن كېيىن...

2015 ـ يىل 9 ـ سىنتەبىر، ئۈرۈمچى





## قاتتىق ئازابلاندىم

ئاھ، جېنىم
نېچۈن تېنىمدە تۇرمايسەن؟
كېچىسى بىللە ئۇخلاپ
سەھەردە يوتقىنىمدىن تۇيدۇرماي چىقىپ كەتكەن ئايالدەك
مەندىن چىقىپ كېتىسەن؟
كىشىلەر جېنى چىقىپ كەتسە دەرھال ئۆلىدىكەن،
تېنى تۇپراققا ئايلىنىپ
روھى ھاۋاغا قوشۇلۇپ كېتىدىكەن.
سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆلسەم بولمامدۇ
ئۆلسەم بولمامدۇ
ئۆلسەم...
سەن بىلەن بىللە
تېنىمدىن چىقىپ كەتسەم بولمامدۇ؟
ئاھ، جېنىم
تاتلىق جېنىم
شېرىن جېنىم
سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ
ئۆلمىگىنىمدىن قاتتىق ئازابلاندىم.

جانسىز بەدەنگە كىيىم يارىشامدۇ،
كېپەندىن باشقا؟
جانسىز بەدەننى كىم قۇچاقلايدۇ،
قەبرىدىن باشقا؟

جانسىز بەدەنگە كىم ھەمراھ بولىدۇ،
گۆردىكى مۇدھىش قاراڭغۇلۇق
چىدىغۇسىز يالغۇزلۇق
ۋە
يىرگىنىشلىك قۇرت - قوڭغۇزلاردىن باشقا؟...
تۇساتتىن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ
خۇداغا نالە قىلدىم:
ئاھ، خۇدا
سەن بارمۇ
سەن... بار... مۇ؟...
قارا ماڭا،
مەن بارمۇ؟
مەن... بار... مۇ؟...
بىر مۇھەببەتنى جېنىڭ دەپ باغرىمغا سالدىڭ،
ئۇ چىقىپ كەتتى
كېچىسى بىللە ئۇخلاپ
سەھەردە يوتقىنىمدىن تۇيدۇرماي چىقىپ كەتكەن ئايالدەك،
ئەمدى ماڭا تىرىكلىك ياراشمايدۇ.
مەن كەبى مۇردىغا
نە تىرىكلەر
نە ئۆلۈكلەر
ھەۋەس بىلەن قاراشمايدۇ.
ۋاقتى - سائىتى كەلدى
مېنى ئۆلتۈر
مېنى ئۆلتۈر...
جېنىمنى ئالغان تۇرۇقلۇق يەنە تىرىك قويساڭ
ئاھ، خۇدا
مەن يوق ھالدا
سېنى قەيەردە تۇرغۇزىمەن؟!...



جېنىم يوق تۇرۇپ
ئۆلتۈر دەپ خۇداغا يېلىنغىنىم ئۈچۈن قاتتىق ئازابلاندىم.

سورىدىم:
— ئازاب نېمە؟
دېدى:
— جېنىڭ چىقىپ بولغاندىمۇ كەلمىگەن ئۆلۈم...
قايتىپ كەل
ئۆلۈم بولۇپ ئۆمرۈمنى تولدۇر.
يولۇڭغا قاراپ ئوچۇق قالغان
كۆزۈمنى يۇمدۇر.
ئاھ، جېنىم
تاتلىق جېنىم
شېرىن جېنىم
سەنسىز
تىرىك يۈرگىنىمگە قاتتىق ئازابلاندىم.

2015 ـ يىل 12 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



## يىپ - يىڭنىلىق يارىم

ساقلاۋاتىمەن ئىشىك چېكىلىشىنى
يۈرىكىمنىڭ ھاياجاندىن يىرتىلىشىنى.
يىپ - يىڭنىلىق يارىمنىڭ
يۈرىكىمنى يامغىلى كىرىشىنى...

ساقلاۋاتىمەن، يېزىلمىغان خەتلەردە
ياشلىق خاتىرەمدىكى ئاق بەتلەردە.
سۆيۈشۈشتىن بۇرۇنقى بىقىن جايدا،
سۆيگۈدىن كېيىنكى يىراق، چەتلەردە...
ساقلاۋاتىمەن، تۈن بويى شارقىراپ چىققان
ياستۇقۇمدىكى دەريانىڭ پەسىيىشىنى.
تۈن بويى ئۇخلىمىغان چۈشلىرىمنىڭ
كىرپىكلىرىمگە ئېسىلىشىنى...
ساقلاۋاتىمەن
ئالەمنىڭ بىر قېتىم ئوڭ چۆرگىلىشىنى.
ئاينىڭ يۇلتۇزلارنى تاشلاپ
قۇياشنىڭ كەينىدىن يۈگۈرىشىنى...

ساقلاشنىڭ جاۋابى ئىككى:
بىرى كېلىش، بىرى كەلمەسلىك،
بىلمەن، يار بىلىدۇ، مەن بىلمەيمەن.
يارى كەلمىگەنگە ھېچكىم ئۆلمەيدۇ،
ئۆلسە مەن ئۆلىمەن، يار بىلىدۇ، ئۆلمەيمەن...
كۈتۈپ - كۈتۈپ يۈرىكىم يىرتىلىپ كەتتى



ساقلاۋاتىمەن ئىشىك چېكىلىشىنى،
يىپ - يىڭنىلىق يارىمنىڭ
يۈرىكىمنى يامىغىلى كىرىشىنى.

2015 - يىل 13 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



## 44 لەۋلىك يار

ئۆلۈكۈمنى كۆمۈپ قويۇڭلار
ئۆلۈكۈمنى كۆمۈپ قويۇڭلار
44 هارۋىدا يار ئېلىپ كەلدىم.
ئەمدى ياشمايمەن، ئېسىلىشقا
44 تۇۋرۇكلۇك دار ئېلىپ كەلدىم.
هاياتنى مەن چۈشۈمدە كۆرگەن،
ئويغىنىپ ئۆلدۈم 44 يىل.
مۇھەببەتنى بىر سۆيۈپ بىلگەن،
سۆيگۈ دېدى: سۆيمىدىم دەپ بىل.

قىينىلىمەن، كۆزۈم چاچراپ چىق
سۆڭەكلىرىم سۇنغىن، ئاجراپ چىق.
پۇتۇم ماڭما يول قالمىدى دەپ،
قولۇم مېنى ماڭا باغلاپ چىق.
تاڭ ئاتمايدۇ، ئەتە مەن ئۆلۈك
44 يوق ئەتە ياشاشقا.
ئەتە ئاي يوق، ئاسماندا ھىجران،
نېمە دەيمەن ئەمدى قۇياشقا؟
نېمە دەيمەن خۇدا بار دېسە،
ئىشەنمەيمەن بولسا مۇھەببەت.
يوق بولسىلا داۋاملىشار، ئاھ
دەيمەن: قەلبىم، ئەبەدىل ـ ئەبەد...
چىقتىم يېڭى سەپەرگە بۈگۈن



خوش دېدى يار، يوق بولۇپ كەتتىم.
مېنى سۆيمەك نەقەدەر تەستۇ؟
ئۆلگىنىمگە خوش بولۇپ كەتتىم.
مەن ئۆزۈمدە ئىككىنچى ئادەم،
44 قېتىم ئۆلمەن بۈگۈن.
جەستىمنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار
يارنىڭ ئېسىلىپ يىغلىشى ئۈچۈن.

44 ئاخىرلاشماقتا
سۆزۈلمەكتە ئۆلۈمنىڭ تېڭى.
دېدىم ئاستا: يۈرىكىم يوق بول،
قەبرىلەردە مۇھەببەت يېڭى.
قىينىلىپ ئۆل، خۇدا خوش بولار
ئۆلتۈرۈۋەت ئۆلۈمنى ئۆلۈپ.
يارىڭ سېنى چاقىرار ھامان
قالسا چۈشۈڭ چۈشىگە كىرىپ.

ئۆلدۈم بۈگۈن 44 قېتىم،
قانداق يار بۇ 44 لەۋلىك؟!

2015 ـ يىل 27 ـ سېنتەبىر، كۇچا ـــ گوما (پويىزدا)



## گۈزەل كېچە

بىنالار يورۇق، ئىچىدە ئۆلۈك باردەك
دەرەخلەر تىك، روھى سۇنماقتا قاراسلاپ
چىراغلار يانار ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقنى كۆرۈپ ھەسرەتلىك...
دۈگدىيىپ كېتىۋاتىمەن، ئىچىمدە لىققىدە ئوت
نېمە بوپتۇ كوچىغا يالىڭاچ چىقسام؟
ئىتقا قارىدىم، ماڭا ئوخشاش
نېچۈن ئالدايسەن كوچىدا سوغۇق بار دەپ،
مەن يا ئىت بولمىسام؟!...

قەدىرلىكىم، سۆيگۈڭنى بويلاپ
ماڭغان يولۇم ئايرىلىشقا تۇتۇشىدۇ.
مېنى ئەسلىمە، ئۇ يالغان ئەينەك
ئىچىمدە قال، ۋارقىرىما، سۆيمە، دەرھال
يات، ئىككىنچى قېتىم قەلبىم تۈگىشىدۇ...
بىلىمەن، مېنى ئاستىڭدىن تىكلىمەكچىسەن
قەلبىڭ قۇياشتىن كەلگەن ئاي، زاۋالغا تەۋە
سۆيگۈ ئوتۇمدا ئاستا ـ ئاستا
ياندۇرىسەن نەپرەت چىرىغىنى...

سېنى ماڭا خۇدا بەردى
سېنىڭ يېنىڭغا ئۆزۈم باردىم
سەن كېتىسەن، مەن كېتەلمەيمەن
ئىختىيارىم يوق...
يورۇق دۇنيادا بار ئىكەنسەن،



بۇ نەقەدەر زور خۇشاللىق
دۇنيادا خۇدانىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىنكى
يەنە بىر.
خۇدا سەن تەرەپتە
مەن خۇدا تەرەپتە
مۇھەببەتنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن يىغلاۋاتىمىز...

2015 ـ يىل 3 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى



تەكلىپلىك تەھرىر : **ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كرىران**
مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : **مەمەتجان ھەسەن**
تېخنىكا مۇھەررىرى : **نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**

## غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# ئەرنىك ئېپىتى

| | |
|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : 010-64290862 |
| ساتقۇچى | : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : بېيجىڭ سېڭتۇڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : 2016-يىل 12-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : 2016-يىل 12-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : 880 × 1230 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : 10.625 |
| باھاسى | : 40.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-14650-5/ I·2803 维 387

图书在版编目(CIP)数据

男人的尊严 ：维吾尔文 / 吾吉买买提·买买提著. -- 北京 ：民族出版社，2016.11
ISBN 978-7-105-14650-5

Ⅰ. ①男… Ⅱ. ①吾… Ⅲ. ①诗集－中国－当代－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第274992号

特约编辑：吾买尔·买买提伊明
责任编辑
责任校对：买买提江·艾山
技术编辑：努尔买买提·艾买尔

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2016年12月第1版　2016年12月北京第1次印刷
开　　本：880×1230　毫米 1/32
印　　张：10.625
定　　价：40.00元
ISBN 978-7-105-14650-5/ I·2803 维 387

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ISBN 978-7-105-14650-5

9 787105 146505 >

定价：40.00 元

扫一扫获得更多资讯